ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى

# ئۈمىد رىسالىسى

قەلەميار

# ئۆمىد رىسالىسى

## قەلەمىيار

### ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى

تەھرىرلىگۈچى : ئەزىزە

# مۇندەرىجە


ئاپتوۋبۇستكى ئېمتىھان............................................1

ئىھ، سەن قەيەردە؟................................................2

فىرئەۋىن قىسسىسسىدىن ئون ئۆگۈت..................................4

فېيسبۇك نىيىتىمىزنى ئالا قىلمىسۇن! .................................6

بىر سېكۇنتلىق كېچىكىش ..........................................8

ماشىمىز..........................................................10

ئىنسان گۈلگە ئوخشاپ قالامدۇ؟....................................11

زىيان تارتمايدىغان مۇسابىقە.......................................12

يوق (شېئىر) .....................................................13

سودىلاشمايدىغان ئىمان: ئىبراھىمى ئىمان.............................14

خاسىيەتلىك تونۇشۇش ..............................................16

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ .................................................18

قەلبىڭ رىزقى ۋە ئۆلۈم ...........................................20

مۇسا ئەلەيھىسسالام سورىغان يەتتە نەرسە ............................21

ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تاھارىتى .........................................23

رۇبائىيلار.........................................................25

ياخشى ئەر بولۇشنىڭ 20 قەدىمى ......................................26

قايتا تېپىۋېلىش ...................................................32

تەكرارلىق ۋە پەرق.................................................35

مۇھەببەت، ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ......................................36

بۈگۈن قايسى كۈن؟ ................................................38

ئاۋۋال ئۆزىمىزنى تۈزەيلى ..........................................40

**مۆجىزە سۆزلەر.................................................. 42**

**گەپ قىلىدىغان "ئەينەكلەر" ........................................ 43**

**ئۈمىد چاقنايدىغان قۇرلار ........................................ 45**

**تەۋەككۈلنىڭ لەززىتى ............................................. 47**

**كېتىش (شېئىر) ................................................. 49**

**نېئمەتلەر سېلىشتۇرمىسى............................................ 50**

**يالغۇزلۇق ھېكايىسى............................................... 52**

**"ئۇ" نىڭغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار..................................... 54**

**ئاچچىق ھېسلار ۋە باھار سەۋداسى.................................... 56**

**ھايات خەت يېزىشقا ئوخشايدۇ... ................................... 58**

**راست ئىمكانىيىتىمىز يوقمۇ؟........................................ 59**

**غەمناك ۋە نائۈمىدلەرگە............................................ 61**

**ئۇلارنىڭ ھىممىتى ................................................ 64**

**گۈزەل ئەسلىمە ۋە ئۇنتۇلغان ۋەدىلەر ................................ 65**

**يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت!.................................... 69**

**تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلىشىدىغان خۇش بىشارەتلەر .............. 72**

**ئەڭ گۈزەل قىسسىدىن ئىبرەتلەر ..................................... 77**

**قارغا قاراپ (شېئىر) .............................................. 80**

**ناماز ۋاقتى كەلگەندە ............................................. 81**

**دوستلۇق ئەسلىمىسى ............................................... 84**

# ئايتوبۇستىكى ئىمتىھان

"بىر ئايال كىشى بىر ئەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈپ قالدۇ، ئۇ كىشى ئۆزىنى تۇتالمايدۇ-دە، ئۇ ئايالغا قارايدۇ. ئەمما ئۇ ئايالدىن بىرەر نەرسىگە ھەم ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئاجىزلىق بارمۇ؟" بۇ سۇفيان ئەسسەۋرىنىڭ "ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى" دېگەن ئايەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى.

ئەمدى رېئاللىقىمىزدىن بىر ئۆرنەك كۆرۈپ باقساق:

يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كوچا ئاپتۇبۇسقا چىقىپ ئۆيىڭىزگە ماڭدىڭىز؛ مەلۇم بىر بېكەتتىكە كەلگەندە ئاپتۇبۇسقا بىر قىز چىقتى. دەسلەپىدە ئىختىيارسىز قاراپ سالدىڭىز. ئۇ قىز چىرايى ۋە كېيىنىشى بىلەن سىزنىڭ خىيالىڭىزنى بۆلدى. بۇ پەيتتە سىزگە چۈشىدىغىنى، سىزگە تەئەللۇق بولمىغان ئىككىنچى قېتىملىق قاراشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىپ، نەزىرىڭىزنى تۆۋەن قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ ياكى تەپەككۇر قىلىپ ۋەياكى ئالدىن تەييارلىۋالغان بىرەر ئەھمىيەتلىك كىتابىڭىزنى ئوقۇپ مېڭىش ئىدى.

ئەپسۇس، نەپسىڭىز غالىب كېلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن سىزگە نامەھرەم بولغان ۋە نامۇۋاپىق كېيىنگەن قىزچاققا قايتا-قايتا قاراشقا باشلىدىڭىز، ھەتتا ئىمانىڭىزنى خىجالەتتە قويىدىغان ھېس-تەسەۋۋۇرلار كۆڭلىڭىزگە سايە تاشلاپ ئۈلگۈردى...

مانا شۇنداق قىلىپ بۇ ۋەسۋەسىلىك ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆزىڭىزمۇ تۇيمايلا يېرىم سائەتلىك يولىڭىز تۈگەپ، چۈشىدىغان بېكىتىڭىزگە كېلىپ قالدىڭىز ۋە نەتىجىدە ھەقىقەتەن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە بىر پاتمان گۇناھلارنى يەلكىڭىزگە يۈكلەپ ئاپتۇبۇستىن چۈشكەن بولدىڭىز، ئۇ قىزچاق بولسا ھېچنىمىدىن بىخەۋەر ھالدا يولىنى داۋام ئېتىپ، ئاپتۇبۇستا كېتىپ قالدى...

بۇ نېمىدېگەن ئاجايىب بىر ئىمتىھان، ئاجايىب بىر ئاجىزلىق ئەمەسمۇ؟!...

# ئەي، سەن قەيەردە؟

قەيەردسەن، ئەي بىز نەچچە يىللاپ ساقلا تەشنا بولغان قەھرىمان؟! ئىزتىراپقا تولغان كۆڭۈللىرىمىزدە، ئۈيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلىرىمىزدە ھەمىشە يولۇڭغا تەلمۈرۈپ قارىدۇق؛ ئۇيۇقتا كۆرۈنگەن ھەر بىر سىمانى "كەپتۇ، ئاشۇ شۇ!" دېيىشىپ كوچىلارغا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق... بەزىدە ھەتتا تا شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قالغۇچە كۈتكەن ۋاقىتلىرىمىز ھەم بولدى ۋە ئۈمىد قاناتلىرىمىز سۇنغان، مەغرۇر گەۋدىلىرىمىز مۈكچەيگەن ھالدا قۇرۇق قول ئۆيلەرگە قايتتۇق...

ھەر بىر يېڭى كۈن، قايغۇ ۋە ئەندىشە بورانلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ روھىمىزنى ئېزىۋاتقىنىدا، بىر تەرەپتىن دۈشمەنلىرىمىز "قېنى نېمە قىلىشالايتتىڭ؟ " دېيىشىپ مەسخىرىلىك سۆرەن سېلىۋاتقىنىدا سەن قەيەردە، ئى مەرد يىگىت؟ قاچان كېلىسەن؟!

باغۇ-بوستانلار خازان بولغىلى، گۈللەر چەيلەنگىلى ئەسىرلەر بولۇپ كەتتى... ئاللاھقا قەسەمكى، بۇ ئۈمچەيگەن روھلارنىڭ، سۇنغان كۆڭۈللەرنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچەيلا دەپ قالدى!... ئەگەر سەن جانلارغا جان قوشىدىغان پاك تىنىقلىرىڭ بىلەن ئاھىمىزغا يەتمىسەڭ، قاغجىرىغان كۆڭۈللىرىمىزدە، سۈيى تارتىلىپ كەتكەن بوستانلىرىمىزدا ياپرىقى چۈشمىگەن بىر تالمۇ رەيھان قالمايدۇ...

بىز باش-ئاخىرىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان بۇ باياۋاندا بىزگە يولۇققان ھەر كارۋاندىن يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى سورىغاندەك سېنى سوراپ تۇردۇق... خىيانەت ۋە سۈكۈتلەر يۈرىكىمىزنى ئۆرتەۋاتقان بۇ ئىنسى-جىنسىز ئالىمىمىزدە قانچە قېتىملاپ چۈشىنلەرنى بۆركۈت، پۈت-قولى ناكالارنى سالاھىددىن دەپ ئالقىشلىدۇق. بىز ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ باقمىغان قوشۇن ئاز قالدى، ئەمما سەن ئۆلارنىڭ ھېچبىرىدا يوق ئىدىڭ! بىز كۆڭۈل بەرگەن، چىناردەك قامەتلىك ئىنسانلار، بارماقچىلىك چۈشەنچىگە، بىر شامنى تۇتاشتۇرالىغۇدەك ئىرادىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن سېنىڭ ئۆتكۈر نەزەرلىرىڭنى، سېنىڭ ئىزتىراپ ۋە ئازاپلىرىڭنى، سېنىڭ شجائەت ۋە تەبەسسۇمىڭنى كۆزگە چېلىقتۇرالمايۋاتاتتۇق...

ۋاقىت بىزلەر ئۈچۈن مۇھەررەم ئېيىدەك، زېمىن بولسا كەربالادەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى. كۆزلىرىمىز يەنىلا ئۇيۇقلاردىكى قارا-قۇرلاردا، كۆلەڭگىلەردە، يېڭى چىققان ھىلالنى ئىزدىگەندەك يولۇڭغا تەلمۈردۇق؛ كۆرگەن ھەر چېھرىدە سېنى تەسەۋۋۇر قىلدۇق، ھەر بىر قىقاس-سۆرەنلەردە سېنىڭ مۇشتۇمىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلدۇق.

كۆزىمىز سەن تۈنجى بولۇپ كەلگەن يولغا تەلمۈرۈپ قالدى؛ سېنىڭ يەنە بىر قېتىم كېلىدىغانلىقىڭدەك ئۈمىد بىلەن ئايلاپ، يىللاپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇردۇق. بۇ

**ئۈمىد ۋە بۇ سەبىر بىلەن ھېلىھەم ھەر تاڭ شەپەقتىن سېنى ئىزدەپ، ھەر كارۋاندىن سېنى سوراپ تۇرماقتىمىز.**

**ئەھ، تاتلىق چۈشلىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى !**

**رىيا، نامۇ-شۆھرەت، ئەمەل تەمالىرى نۇرلۇق ئۈمىدلىرىمىزگە موم سۈركىمەكچى بولۇۋاتقان بۇ قارا كۈنلەردە، سېنىڭ ھاياتلىق بېغىشلايدىغان ئابىھايات سۈيۈڭگە مۇھتاج كۆڭۈللەرنى يەنىمۇ كۆپ ساقلاتمىغىن !...**

# فىرئەۋن قىسسىسىدىن ئۆگۈت

"ئاللاھ ئۇنى (فىرئەۋننى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ"ـ سۈرە نازىئات.

1ـ سەندىن ئۆگەندىمكى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغىنى شەك-شۈبھىسىز ئىشقا ئاشىدىكەن. مۇسانىڭ تۆرەلمەسلىكى ئۈچۈن مىڭلىغان بوۋاقلارنى ئۆلتۈرگەندىڭ؛ مۇسا تۆرەلگەندە بولسا شاھانە قەسرىڭدە ئۆسۈپ يېتىلدى.

2ـ سەندىن ئۆگەندىمكى، قەلبلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەن، بەندىلەرنىڭ ئەمەس. مۇسا ئانىسىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلغاندا، ئايالىڭنىڭ مېھرى چۈشتى. ئانىسىدىن ئايرىغانلىقىڭ، ئاللاھ مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ ھۆكۈمدارى- خانىشنى ئانا قىلىپ بەردى.

3-سەندىن ئۆگەندىمكى، بىرى بىرىنى بۇزغۇنچىلىققا قادىر ئەمەسكەن. سەن: "مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن"دەپ جار سالغان قەسىردە، ھەزرىتى ئاسىيە سېنىڭ ھۇجراڭدا ئولتۇرۇپ: "پەرۋەردىگارىم ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، پاكتۇر"دەۋاتاتتى.

4-سەندىن ئۆگەندىمكى، بىر ئۆيدە تۇرۇپمۇ سىر ساقلىغىلى بولىدىكەن، ئەر- ئايال بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپمۇ بىر-بىرىنى تونىيالمايدىكەن. ئەر-ئايالنى جەملەيدىغىنى ئۆي ئەمەس، قەلب ئىكەن.

5-سەندىن ئۆگەندىمكى، قۇدرەتلىك قوشۇنمۇ مۇئمىننى ئىمانىدىن ياندۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدىكەن. نەۋكەرلىرىڭ سېھىرگەرلەرنى قورقۇتالمىدى، قايناپ تۇرغان ياغمۇ ئۆيۈڭدىكى دېدەكنى قورقۇتالمىدى.

6-سەندىن ئۆگەندىمكى، ئالتۇن يەردە بولسىمۇ، مىس بولۇپ قالمايدىكەن. مۇسانىڭ ھەمشىرىسى كىچىك بولسىمۇ: "سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ" دېيىش ئارقىلىق ئۇكىسىنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى ئەمەسمۇ !

مۇسا شۇنداق ئالىيجاناپ ئىدىكى، قېرىندىشى ھارۇننىڭ ئۆزىدىنمۇ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى قىلچە ئېغىر ئالمايتتى.

7-سەندىن ئۆگەندىمكى، بەندىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئۆزلىرى ياساپ چىقىدىكەن. ئەگەر قەۋمىڭ ساڭا تىزلىنىپ، بېشىدا كۆتۈرمىگەن بولسا، ئۇلارنى قۇل قىلىشقا، بېشىغا مىنىۋېلىشقا قادىر بولالمايتتىڭ.

8-سەندىن ئۆگەندىمكى، ئەگەر ئاللاھ بەندىسىگە ياردەم قىلىشنى ئىرادە قىلسا، پادا ھەيدەش ۋە تايىنىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ھاسا بىلەنمۇ ياردەم قىلىدىكەن. ئەگەر

ئاللاھ بەندىسنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئەگەر ئۇ لەكمىڭ قوشۇننىڭ ئىچىدە بولسىمۇ ھالاك قىلىدىكەن.

9-سەندىن ئۆگەندىمكى، زېمىن يۈزىدىكى بارلىق سەۋەب- نەتىجىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا جارى بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن غالىب كەلمەيدىكەن. بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغان دەريا، پوچتىكەش قولۋاق كەبى سەن ئىزدەۋاتقان بوۋاقنى ئالدىڭغا ئىلىپ كەلدى. چوڭ كىملەرسىز ئۈزۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان دېڭىزدا بولسا ئىسرائىل قەۋمى پىيادە ھالدا داغدام يول ئالدى.

10-سەندىن ئۆگەندىمكى، ئاسمان ۋە زىمىندىكى بارلىق نەرسلەر ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇن ئىكەن. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا خالىغىنىنى جەڭلەرگە قۇرال قىلىدىكەن. سەن تۇمەن مىڭ قوشۇن بىلەن كەلگىنىڭدە، ئاللاھ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قوشۇن بىلەن كېلىشكە قادىر ئىدى. ئەمما سەن ئۇنىڭغا ئەرزىمىگەچ، ئاللاھ ھەممە جانلىقنى شۇ ئارقىلىق ياراتقان سۇ بىلەن ھالاك قىلدى! يەككە-يىگانە غالىب ئاللاھ پاكتۇر!

# فېيسبۇك نىيىتىڭىزنى ئالا قىلمىسۇن!

بۇ يازما فېيسبۇكتا ئاللاھ رازىلىقى دەپ مەزمۇن يوللايدىغان، ئىنكاس يازىدىغان ۋە ھەمبەھىرلەيدىغان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈندۇر. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىنغان ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان.

خوش، بىز كۈندە قولىمىزدىن چۈشۈرمەي دېگۈدەك ھەپىلىشىۋاتقان فېيسبۇكتا "ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن" دەپ تۇرۇپ يوللاۋاتقانلىرىمىز ۋە ھەمبەھىرلىنىۋاتقانلىرىمىز راستىنلا نامە-ئەمەلىمىزگە كەم-كۈتسىز دەپ پۈتۈلۈپ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەۋاتقانمدۇ؟!
مەن ئۆزىمىزگە قويۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە سوئال ئارقىلىق ئۆزۈم مەقسەت قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ كىچىككىنە بىر تەرىپىنى بولسىمۇ توغرا يورۇتۇپ بېرەلىگەن بولۇشىمنى ئارزۇ قىلىمەن:

1-تېما يوللىغان، ئىنكاس يازغان ياكى بىرەر نەرسە ھەمبەھىرلىگىنىڭىزدە كۆڭلىڭىزدە قانداقتۇر ھېلىقى بىرسىنىڭ ياكى ھېلىقى بىر نەچچەيلەننىڭ ياقتۇرغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلامسىز؟

2-يازما-ئىنكاسلىرىڭىزغا كىملەرنىڭ قانداق باھالارنى بەرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن تېز-تېز تەكشۈرۈپ تۇرامسىز؟

3-تېما ھەمبەھىرلىگەندە ئېگىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلامسىز؟

4-باشقىلارنىڭ ياخشى يوللانمىلىرىغا ھەقىقەتەن ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن ياقتۇرۇپ "يۈرەك" بېرەمسىز ياكى بۇلارنى تېما ئېگىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە تارتىش ئۈچۈن قىلامسىز؟

5-تېمىڭىزغا تەقدىرلەشلەر يېغىپ كەتكەندە پەخىرلىنىپ قالامسىز؟ ئەكسىچە بولۇپ يازمىڭىز چۆلدەرەپ قالسا كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالامدۇ؟...

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان سوئاللار ئەمەلىيەتتە بىراۋ ئۆزىمۇ بەزىدە ئالدىراپ سېزىپ بولالمايدىغان قەلبتىكى رىيا شۆھرەتلىشلىرى ۋە نىيەتتىكى ئىخلاسسىزلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئەكسىچە "بۇ ئىشلارنىمۇ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولسىچۇ"دەپ ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ئەمەستۇر.

ناۋادا يۇقىرىقى سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابىڭىز بولۇشلۇق بولۇپ چىقسا، يۈز-خاتىرە قىلماي ئېيتقاندا سىز فېيسبۇكتا ئۆزىڭىزنى ئالداپ ياكى بەزلەپ كېلىۋاتقان بىرسىز؛

پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ بۇنداق ئەمەللەرگە ئېھتىياجى يوق... ئۇ تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەت.

نىيەت ئاجايىب سىرلىق نەرسە؛ ئۇ بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىدا خالايىقتىن مەخپىي قالىدۇ. شۇ كەمگىچە نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلىپ كەلگەن سىزنى بەزىدە ھاياتىڭىز بويىچە چىن ئىخلاس بىلەن قىلىپ قويغان بىر تال ئەمىلىڭىز نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن، خۇددى غارغا قامىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ قىسسىسىدەك.

ھاياتلىق تەرزى بىلەن ھەمىشە يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى سەلەفى-سالىھىنلاردىن بۇ ھەقتە بەك ئۆزگىچە ۋە كىشىنى دەھشەتكە چۈشۈرىدىغان سۆزلەر ۋە ۋەقەلەر سادىر بولغان...

سۇفيان ئەسسەۋرىدىن قايسى ئىبادەتتە ئەڭ قىينىلىسەن؟ دەپ سورالغاندا "نىيىتىمنى تۈزەشتىن... نىيىتىمنى داۋالاشتىنمۇ بەك مۇشەققەتلىك بىر ئىشقا ئۇچراپ باقمىدىم" دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

يەنە سەلەف ئالىملاردىن يۇسۇف ئىبنى ئەسبات مۇنداق دەيدۇ: "نىيەتنى ئۇنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن تازىلاش، بۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەر ئۈچۈن جىھاد قىلغاندىنمۇ قېيىندۇر." يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "نۇرغۇنلىغان كىچىك ئەمەللەر باركى نىيەت ئۇلارنى زورايتىۋېتىدۇ؛ يەنە نۇرغۇنلىغان زور ئەمەللەر باركى نىيەت ئۇلارنى كىچىكلىتىۋېتىدۇ."

كۆكتە يۇلتۇزلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن يول تاپالايدىغان ئىنسانلارنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىگە ئوخشاش، ئەسلىدە پەرۋەردىگارىمىزدىن كەلگەن ياخشىلىقلار نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇ ياخشىلىقلارنى بەسىرەت بىلەن تونۇپ يېتەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز. خۇددى شۇنىڭدەك بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتنى كۆرەلىگەنلەر ئۈچۈن فېيىسبۇك ياخشى ئەمەللەر يولىدا بەسلەشكۈچىلەرنىڭ مۇسابىقە مەيدانىغا ئايلانغان ۋەزىيەتتە (بۇ، ئەلۋەتتە مۇناسىپ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئالغان ئاساستا بولۇشى لازىم).

ئۈستىڭىزدە ھەر ئان سىزنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، قەلبىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزمۇ سېزەلمەيدىغان شىۋىرلاشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە سىز ئاخىرى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇپ تاراق-تۇرۇق قىلىپ بېسىلغان تېلېفون-كومپيۇتېرلارنىڭ كۇنۇپكا تاختىلىرىغىچە ھېساب بېرىدىغان پەرۋەردىگارىڭىز ئۈچۈن فېيىسبۇك ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ؛ قولىڭىزنى يۈرىكىڭىزگە سېلىپ تۇرۇپ، نەپسىڭىزنى تەكشۈرۈپ چىقىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىڭ؛ قېيىپ كەتكەنلەرنى تۈزىتىڭ، تۈزىتىشتىن ئاجىز كەلسىڭىز فېيىسبۇكنى تەرك ئېتىڭ تاكى قاچان نىيىتىڭىز رۇسلانغۇچە...

# بىر سېكۇنتلۇق كېچىكىش

خىزمەت ئورنۇمغا مېترو بىلەن بېرىشتا ئۈچ يەردە ئالمىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالمىشىدىغان چوڭ بېكەتلەرگە كەلگەندە مەنمۇ ئۆز-ئارا قارشى يۆنىلىشتە، بىر-بىرىگە قاراشقا چولىسى يوق ھالدا ئىنتايىن ئالدىراش، پوسۇرلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەر توپىغا سىڭىپ كېتىمەن. ئۇ پەيتلەردىكى مەنزىرە ئۆزگىچە؛ قارشى تەرىپىمىزدىن كېلىۋاتقانلار بىز باياتىن چۈشۈپ قالغان مېتروغا ئالدىرىسا، بىز ئۇلار تاشلاپ كەلگەن مېتروغا ئالدىرايمىز. ئارىلاپ يېنىمدا بىللە قاتناپ قالىدىغان بىر ئاكىمىز "سەفا-مەرۋە" گە كەلدۇق دەپ چاقچاق قىلىپ قويىدۇ.

خوش، ئەسلى گەپ شۇكى، نەچچە پەلەمپەيلەردىن چىقىپ چۈشكەندىن كېيىن ئالمىشىدىغان مېترو كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. كۆپچىلىك كىشىلەر مېترو ئىشىكلىرىنىڭ تاقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگۈرىشىدۇ. ئەلۋەتتە بەزىدە مەنمۇ يۈگۈرىمەن. چۈنكى ئۈلگۈرەلمىسەم كېيىنكى مېترو ئۈچۈن يەنە 10 مىنۇت ئەتراپىدا ساقلىشىم كېرەك بولىدۇ. دېگەندەكلا بەزى ۋاقىتلاردا شۇنداق ئالدىراپ پەقەت بىر-ئىككى قەدەم قالغاندىلا مېترونىڭ ئىشىكى يېپىلىپ كېتىدۇ، چۈنكى بېكەتتە ساقلاش ۋاقتى توشقان، ئۇلار مىنۇت-سېكۇنتنى ھېسابلاپ ھەيدەيدۇ.

ئاپلا، ۋاي ئېسست دەۋېتىپ قالىمەن؛ بىر سېكۇنت بولسىلا يېتەتتى ئەمەسمۇ؟ بىر قەدەم ئارتۇق ئالالىغان بولسامچۇ؟... دەپ قالىمەن. ئەلۋەتتە باشقىلارمۇ شۇنداق خۇرسىنىپ باشلىرىنى چايقاپ، بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ كېتىشىدۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مېترونىڭ تاقىلىپ بولغان ئىشىكىنى قولى بىلەن ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ "ئاللاھىم، ماڭا ياردەم قىل" دەپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ قالىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئەسلىدە پەقەت بىرەر سېكۇنت بولسىلا ئۈلگۈرىدىغان مېترودىن قېلىپ قالىمەن. بۇ بىر سېكۇنتلۇق كېچىكىش مېنى يەنە 10 مىنۇتچە ساقلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ؛ بۇ ساقلاش مېنى ئىشىمغا كېچىكتۈرىدۇ، بۇ كېچىكىش باشقىلارنىڭ ھەققىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

بۇ بىر سېكۇنتلۇق كېچىكىش ماڭا بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى؛ بۇ بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا مۇنداق چوڭ تەسىر قىلىۋاتقىنىغا كۆرە، ئۇنىڭدىن پۈتۈلىدىغان مىنۇت، سائەتلەرنىڭ ئەسلىدە قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم؛ قانداق قىلىپ بىر سېكۇنت كېچىكىپ قالغانلىقىمنى ياكى ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم.

ئەمەلىيەتتە بۇ، مەن هاياتىمدا هەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن بىلىپ-بىلمەي ئىسراپ قىلىۋېتىپ بارغان نۇرغۇنلىغان ۋاقىتلىرىمنىڭ ئىچىدىن پەقەتلا بىر سېكۇنتىنىڭ قۇدرىتىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن ماڭا مېھرىبان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان قىممەتلىك بىر ھەدىيە.

بۇ بىر سېكۇنتلىق كېچىكىش مېنى يەنە مۇنداق سەگىتىپ قويدى: بىر سېكۇنت كېچىكىشنىڭ كەلتۈرگىنى بۇلار بولىدىغان بولسا، غايە-مەقسەتلىرىمىز يولىدا بىر سائەت كېچىكىشىمىز قانچىلىغان كۈنلەرنى ئۆزگە بەدەل قىلىۋېتەر؟! نەچچە كۈن ياكى نەچچە ئايلار كېچىكىشىمىز قانچىلىغان يىللارنى ئۆزگە ئەگەشتۈرۈپ كېلەر؟!

بۇلارنى ئويلىغاچ داڭلىق يازغۇچى قېرىنداشىمىز "شەيخىم"نىڭ (ئاللاھ تائالا ئەسىرلىكتىن قۇتقازسۇن) ئاخىرنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان "زۇلمەتلىك تۇپراق" رومانىدا پاشىشاخانىنىڭ تىلىدىن ئېيتقان، ئېسىمدىن چىقمايدىغان مۇنۇ قۇرلار يادىمغا يېتىدۇ: "بىز بىر مىنۇت بۇرۇن ھەرىكەتكە كەلسەك بىر نەپەر بىگۇناھ تۈركمەن پۇقراسىنى بىر مىنۇت بۇرۇن قۇتقۇزغان بولىمىز ! بىز بىر دەقىقە بۇرۇن قولىمىزغا قۇرال ئالساق بىر دەقىقە بۇرۇن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولىمىز"!

ئەپسۇس، كېچىكۋاتقان قانچىلىغان ئايلار ۋە يىللار بار ھە؟! بىز كېلىشنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈپ، كۆزىمىز تېشىلىپ كېتەي دەپ قېلىۋاتقان كەلمىگەن باھارلار، بەلكىم ھېچ خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، كۆڭۈلشىپ كەتمەيدىغان مۇشۇنداق نەچچىلگەن كېچىكىشلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ قالمىغىيدى؟...!

# ماشىنىز

تاك، تاك، تاك...

-كىم؟

-تەييار بول! ماشىنىز...

-سەن كىم؟ نەگە ماشىنىز؟

-نۆۋىتىڭ كەلدى. ھەقىقىي ئۆيۈڭگە ماشىنىز.

-ھەقىقىي ئۆيۈڭ؟ ئۇنداقتا سەن!...ئاھ...

-شۇنداق مەن. تېز بول، ماشايلى.

-توختاپ تۇر، تېخى تۈگىتەلمىگەن نۇرغۇن ئىشىم بار.

-ئىشلىرىڭ يېرىم قالمايدۇ، تاماملايدىغانلار چىقىدۇ. ۋاقىتنى ئالما، تېز بول.

-باللىرىچۇ، ئۇلار تېخى كىچىككىنە... ھېچبولمىغاندا بىر خوشلىشىۋالاي.

-ئۇلار سەن بولمىساڭمۇ چوڭ بولىدۇ. ماڭە، ئۇلار سېنى ساقلاۋاتىدۇ.

-ساقلاۋاتىدۇ؟! ئۇلار كىملەر؟

-بارغاندا كۆرىسەن.

-چۈشەندىم... ئەمما قەلبىگە ئازار بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ بولالمىغان؛ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمىغان كىشىلىرىم بار. مېنى بىر چۈشەنسەڭچۇ، قەرزدار ھالەتتە ماڭغۇم يوق...

-بۇلارنى ئاشۇ ئۆز ۋاقتىدا ئويلاشساڭ بولمامتى؟

-ئاشۇ ۋاقىتتىمۇ؟ توغرا دەيسەن، ئەمما مەن ھەمىشە ۋاقتىم بار دەپ ئويلاپ كەپتىمەن...

-سىلەر ھەممىڭلار ئوخشاش... سېنىڭ ۋاقىت دەۋاتقىنىڭ، ئەسلى سەن ئىچىدە تۇرىۋاتقان پەيتلەر شۇ. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىت يوق. ئەپسۇس... بۇگۈن ياشاۋېتىپ ھەمىشە ئەتەڭ باردەك مۇئامىلە قىلدىڭ... بۈگۈنگە تالىق مەسئۇلىيەتلىرىڭ بار ئىدى؛ ئادا قىلمىدىڭ...

بۇ ساڭا بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ھازىرچە ماشمايمىز... ئەمما ھەر قاچان مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن... يەنە بىر قېتىم كەلگىنىمدە ئالدىڭدا ئۇمىد، ئارقاڭدا پۇشايمان بولمىسۇن...!

# ئىنسان گۈلگە ئوخشاپ قالامدۇ؟

گۈلنىڭ چېچىكىمۇ بار، تىكىنىمۇ بار...

سەن بىردە گۈلگە، بىردە ئۆزۈڭگە قارىغىن؛

ئىنسان گۈلنىڭ تىكەنلىرىگە قاراپ قورقىنىدەك، چېچىكىگە قاراپ ئۈمىدلىنىدۇ...

ئىنسان گۈلدەك بولۇشى كېرەك؛

ئەمما ئىنسان تىكىنىنى ئەمەس گۈللىرىنى پەرۋىش قىلسۇن...

ئىشى ھەمىشە تىكەن كەبى جاننى ئاغرىتىش بولماي، گۈل كەبى خۇشپۇراقلار چېچىش بولسۇن...

ئىنسان گۈلدەك بولۇشى كېرەك؛

تىرىكىمۇ، ئۆلىكىمۇ يامان كۆرۈلىدىغان تىكەندەك ئەمەس بەلكى ھۆلىمۇ، قۇرۇپ كەتكىنىمۇ سۆيۈلىدىغان گۈل كەبى بولۇشى كېرەك...

تىكىنى سەۋەبلىك تەۋبە قىلىشى، گۈلى سەۋەبلىك شۈكۈر قىلىشى كېرەك...

ئىنسان گۈل كەبى بولۇشى كېرەك؛

ئەمما تىكەنگە ئوخشاش ئايرىۋېتىدىغان ئەمەس، بەلكى گۈلدەك تېپىشتۇرىدىغان بولۇشى كېرەك...

ئىنسان گۈل كەبى بولۇشى كېرەك؛

ۋەھالەنكى بۇ دۇنيا باغچىسىدا زادى تىكەن بولماقچى بولغانلار تىكەن بولىدىكەن، گۈلدەك بولماقچى بولغانلار گۈل بولىدىكەن...

بىز بۇ گۈللەر باغچىسىدا گۈل بولۇشتا بەسلىشەيلىكى، ئالاھنىڭ ئىزنى بىلەن تىكەنلەردىن ئايرىلىپ جەننەتتە گۈللەر دىيارىنىڭ بىردىن گۈلى بولالىغايمىز.

# زىيان تارتمايدىغان مۇسابىقە

**مۇسابىقىلەردە پەقەت بىرىنچى بولغان ماھىرلا مۇكاپاتلىنىپ، سىڭدۈرگەن ئەجىر-مېھنەتلىرى ئاساسەن يەردە قالمىغان بولىدۇ؛ ياكى بەك بولغاندا ئالدىنقى ئۈچ ماھىر تاللىنىپ ئوخشىمىغان قىممەتتىكى مۇكاپاتلارغا لايىق كۆرۈلىدۇ-دە، مۇسابىقىگە قاتناشقان باشقا ماھىرلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرى، ھارغان-ئاچقانلىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ.**

**ئەمما، جاھاندا ئادالەتسىزلىكلەر تۈپەيلى ئۈزلۈكسىز شىكەستلىك يېتىۋاتقان قەلبلەرگە مەلھەم بولۇپ، سەبىر بېغىشلاپ كېلىۋاتقان يەنە مۇنداقمۇ بىر مۇسابىقە بار؛ ئۇنىڭدا مەيلى ئەڭ باشتا كەلگىنى بولسۇن ياكى ئەڭ ئاخىرىدا قالغىنى بولسۇن مۇسابىقە ساھىبىنىڭ ھوزۇرىدا زىنھار قۇرۇق قول قالمايدۇ، مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا تىرىشچانلىقلىرىغا يارىشا ھەممىسى مۇكاپاتتىن نىسىۋىدار بولىدۇ، بۇ مۇسابىقىدە بەسلەشكۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەسلا زىيان تارتىدىغىنى يوق، ھەسرەت چېكىدىغىنى تېخىمۇ يوق...!**

**ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان، ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان تەبىئىتى ئېسىل كىشىلەر ھەمىشە قوغلىشىپ ئۆتكەن ۋە ياخشى قىلالمىغانلىق بارىسىدا ھەسرەت-نادامەتلەر چەككەن؛ ئىشكى ھەر ۋاقىت ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي غاپىللار بىر ئۆمۈر ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان، مۇبارەك نامى "جەننەت يولىدا بەسلىشىش" ياكى "ياراتقۇچىنىڭ رازىلىقى يولىدا بەسلىشىش" بولغان بۇ مۇسابىقە نېمىدېگەن بەرىكەتلىك ۋە ئادىل ھە! بەزىدە كېچە-كۈندۈز قۇلاق تۈۋىمدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان شاۋقۇن-سۈرەن ۋە غەلىيانلار ئارىسىدىن ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلايمەن:**

**ئۆمرۈمنىڭ ھەر لەھزىلىرىدە مېنى رەغبەتلەندۈرۈپ... مەۋھۇملۇققا تارتقۇچىلاپ تۇرىۋاتقان ئېتى ئۇلۇغ مۇسابىقىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەي؛ ئەرشكە تۇتاشقان مۇسابىقە مەنزىلىگە سىناق يۈزىسىدىن قۇرۇپ قويۇلغان بىھۇدىلىك ۋە ئەرزىمەسلىكلەرگە ئىلىنىپ قېلىش تۈپەيلى ئۆزۈممۇ سەزمەي كۈنسىرى يىراقلىنىۋاتقان قەلبىمنىڭ ئۇنسىز ئىڭراشلىرىغا بىر قۇلاق سالاي؛ ۋەزنىگە ئەسلىدە ھەتتا ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەر توغرا كەلمەيدىغان ئارزۇ-ئارمانلىرىم بىلەن مېنى ئۇلارغا قوشۇپ دەم تارتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان دۇنياۋى غەم-غۇسسىلەر ئارىسىدا ئەجەبلىنىش ۋە ئىزتىراپتىن چارچىغان تاللاشلىرىم ئىچىدىن مېنى ھەمىشە بەسلىشىشكە چاقىرىپ تۇرىۋاتقان مەردلەرنىڭ مەيدانىنى تاللىۋالاي...**

**"ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ." (سەجدە سۈرىسى 17-ئايەت)**

# يوق

گۈلسىز سايرىغان قۇشنىڭ گۈلزاردا قاياشى يوق،
ھەقچۈن سۆيمىگەن يارنىڭ ئىشقىدا ۋاپاسى يوق.

مەرپەت چىراغىدۇر تۈن زۇلمەتتە قالغاننىڭ،
ئىلىم سۆيمىگەن ئەلنىڭ كۆكىدە قوياشى يوق.

كەلگەنىڭۇ تالاي كۈلپەت، تەپرىقىغە پاتقاندا،
تارالدۇق ھەر ئىقلىمغا، ھۆرلۈكنىڭ ھاۋاسى يوق.

ئىمان بىرلە قۇت تاپقاي، تەقۋادا قانات قاققاي،
كىتاب-سۈننەتتىن ئۆزگە ئىنسانغا راۋاسى يوق.

دوستلۇقتىن پۈتەي مىسرا، ئىككى تەندە بىر روھ ئۇ،
گىزى كەلسە جان-تەننى، ئۆلپەتتىن ئاياشى يوق.

ئۇزار ھەم يوقار مەنزىل، نۇرسىز ماڭغۇچى كىمچۈن،
يەتكەيمۇ مۇرادىغا، ئىماندىن باقاسى يوق.

يېتەر، ئاھۇ-ئەپغانلار، پۈتەي ئەھدۇ-پەيمانلار،
نەدە جەننەتنى مەئۋا، قەلەميارغا جاپاسى يوق.

# سودىلاشمايدىغان ئىمان: ئىبراھىمى ئىمان

**سودىلىشىدىغان ئىمان "يەھۇدى ئىمانى"دۇر. سودىلاشمايدىغان ئىمان بولسا ئىبراھىمنىڭ ئىمانى يەنى "ئىبراھىمى ئىمان"دۇر. ئىبراھىمى ئىماندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بار، جەزمىيەت بار، خاتىرجەم بولۇش ۋە تەسلىم بولۇش بار. ئەسلىدىمۇ "ئىمان" دېگەن خاتىرجەملىكنىڭ، "ئىسلام" تەسلىمىيەتنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئەمەسمۇ؟**

**ئىبراھىمى ئىماندا رەڭۋازلىق قىلىش يوق، مەخپى كېلىشىۋېلىش يوق، تەرەددۇت قىلىش يوق، باھانە يوق، ئۆزۈر يوق، يول قويۇش يوق. ئىبراھىمى ئىمان ئىگىسى شۇنى بىلىدۇكى، ئىماندا يول قويۇش يەھۇدىلىششىنىڭ ئالامىتىدۇر، ئىماندا يول قويغان كىشى نىجات تاپالمايدۇ.**

**ئىبراھىمى ئىماندا ئوتقا تاشلىنىشقا توغرا كەلگەندە قىلچە ئىككىلەنمەي ئوتقا سەكرىلىدۇ. بۇتلارنى سۇندۇرۇش، بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. تارىختىن بۇيان بۇت سۇندۇرغان ئىبراھىمى ئىمان ئىگىلىرى، بۇت سۇندۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە بۇتپەرەسلەرگە تۆلىنىدىغان بەدەلنىڭ تولىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.**

**ئۇلار ئوتقا سەكرىگەندە "توختاملىشىش" ۋە "چاقچاق" قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، "كۆيۈش" ئۈچۈن سەكرەيدۇ. "ئىشقىلىپ كۆيۈپ كەتمەيمەن" دەپ ئەمەس، بەلكى "بولدى كۆيۈپ كەتتىم" دەپ سەكرىشىدۇ. "پەرۋەردىگارىم! مەن بۇتلارنى سەن ئۈچۈن سۇندۇردۇم، سەن ئۈچۈن نەمرۇدلارنى رەد قىلدىم، سېنى رازى بولسۇن دەپ تاغۇتلارنى ئىنكار قىلدىم. ئەمدى نۆۋەت سەندە...مېنى كۆيدۈرمىگىن" دەپ ئاللاھ بىلەن سودىلىششقا ئۇرۇنمايدۇ. ئىبراھىمى ئىمانغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك، ئاللاھنى قەرزدار قىلىش دېگەنلىك ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى تېخىمۇ شۇنداق.**

**ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىنى بەندىلەردىن تەلەپ قىلىش يەھۇدىلىششكە مايىللىقتىن ئىبارەت. ئەگەر بىرى مۇشۇنداق قىلسا ئۇ يا قىلغانلىرىنى ئۆزى دەۋا قىلىۋاتقىنىدەك ئاللاھ ئۈچۈن قىلماستىن بەلكى بەندىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن، شان-شۆھرەت ئۈچۈن قىلىپ، نامىنى "ئاللاھ رازىلىقى" دەپ قويۇۋالغاندۇر؛ ياكى ئاللاھقا بولغان ئىشەنچى تەۋرەپ قېلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە "ئەجرىنى" ئاللاھتىن كۈتۈشنىڭ ئورنىغا ئىشنىڭ ئاسىنىنى تاللاپ كىشىلەردىن يىغىۋېلىش يولغا ماڭغۇچىدۇر. مانا بۇ ئىماندا سودىلىشىش يەنى يەھۇدىلىششتۇر.**

ئەگەر ئوتقا سودىلاشماستىن سەكرىگەندە، ئۇ ئەسلى ئەنە شۇ چاغدا كۆيمەيدۇ. كۆيمەيدۇ، چۈنكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش كۈچىنى ياراتقان زات ئوتقا ندا قىلىپ: " بىز ئوتقا: «ئى ئوت !ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دېدۇق" (ئەنبىيا 69) دەيدۇ. بۇ ئاللاھقا سودىلاشماي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقۇچى بەندىلەرگە شەيئىنىڭ ئۆزگە خاس تىلى بىلەن ئېيتقان رەھمىتىدىن ئىبارەت. بۇ ئىماندا سودىلىشىپ"يەھۇدىلاشقانلارغا" ئوت تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا دەرستۇر.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا سودىلاشمىغان ئىماننىڭ يەنە بىر ئۈلگىسىنى كۆرىمىز. بۇ شۇنداقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈزۈن مەزگىل بالا ھەسرىتى چەككىنىدىن كېيىن ئاتا قىلىنغان يۈرەك پارىسى ئىسمائىلنى پەرۋەردىگارىغا قۇربانلىق قىلغان چېغىدا...

ئاللاھ بىلەتتىكى، ئىبراھىم ئۆز بالىسىنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۈرگىنىدە "بولدى ئوغلۇم كەتتى!..." دەپ سۆرەتتى. "كېلىشىم" يوق ئىدى، بۇ بىر ئېمتىھان ئىدى. ھەزرىتى يەھيامۇ پەيغەمبەر ئىدى، ئەمما قوچقاردەك بوغۇزلانغانىدى. "چاقچاق" يوق ئىدى ئاللاھنىڭ سۆننىتىدە. بۇ بىر سىناق ۋە سىناقلارنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن پەرزەنتىنى قۇربان قىلىش ئوتقا تاشلىنىشتىنمۇ بەتتەر ئىدى. قۇربانلىق قىلىش، ئوت بىلەن سىنالغان ئىماننىڭ ئاخىرقى قاتتىق سىنىقى ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام "مەن ئىسمائىلنى ياتقۇزىمەن، دەل قۇربانلىق قىلىدىغان پەيتتە ئاللاھ قوشقارنى ئېبەرتىپ بېرىدۇ" دەپ خىيال قىلمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىپادىسى بىلەن "ۋاپادار كىشى" (نەجم 37) ئىدى. بىر ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەمدە بالىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر دادا سۈپىتىدە پىچاقنى سۈرگەنىدى، سودىلىق قىلمىغانىدى. "ئى پەرۋەردىگارىم! مەن دەل قۇربانلىق قىلغىلىۋاتقاندا سەن قوچقارنى ئېبەرتىۋەتەرسەن" دېمىگەنىدى. ئۇ سودىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن قوچقار ئەۋەتىلگەنىدى.

بۇ ئۈلگىمۇ، ئاللاھ بىلەن سودىلاشماستىن ئىمان ئېيتقۇچىلارغا بىر ھايۋاننىڭ بەرگەن كاتتا دەرسى ئىدى. بۇ؛ سەن ئاللاھقا چىن قەلبىڭدىن قۇربان بولساڭ، سەن ئۈچۈن قۇربان بولىدىغان قوچقارلار ئەۋەتىلىدۇ دېگەن بىر ئۆچۈر ئىدى؛ بۇ يەنە، قۇربان بولغانلارغا قۇربان بولىنىدۇ دېگەن بىشارەت ئىدى...

# خاسىيەتلىك تونۇشۇش

"سىنى يوقتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان بىرى بىلەن تونۇشماقچى بولساڭ، كەل، مانا مەن."

بۇ، تىل بىلەن ئىپتىلىپ باقمىغان، ئەمما تونۇشۇپ يىللار داۋامىدا مەن ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇشقان قېرىنداشلىرىم بىلەن ئارىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى تالاي ئىسپاتلانغان بىر چىن تۇيغۇ.

تۇرۇپ تۇرۇپ پىغانلىرىم غالىب كەلگەن، ھاياتىمدىن مەنىلەر قۇرۇقدىلىپ، روھىم قاغجىراپ، غەلىيانلىرىم ئەۋجىگە چىققان سائەتلەردە، پىنھانلاردا ئولتۇرۇپ دائىمقىدەكلا گۈزەل ئەسلىملىرىمگە مۇراجەت قىلىمەن.

ئۇشبۇ كۆنلەردىكى ئەھۋالىمىزدا چەتئەلدىكى بىزلەرگە ھېچ ياراشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان غەلدە-غەشلىكلەر ئارىسىدا، بىر غەلبە قىلىپ، بىر مۇدۇرۇپ كېتىۋاتقان ماڭا ئوخشاش بىرى ئۈچۈن، گۈزەل ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ كىچىككىنە ھاياتلىق كارتىنىسىمۇ گەرچە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئاددى بىر مەنزىرە بولۇشىغا قارىماي، كۆرۈنۈپ-كۆرۈنمەس خورتىلىپ كېتىۋاتقان ئىنىرگىيىسىنى تولۇقلاشتا سەل قارالمايدىغان بىر ئىنىرگىيە مەنبەسىدۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەسلىملىرىم مەن ئاددىيغىنە غايىلەردىن ئالىي غايىلەرگە بۇرالغان ھەر بىر ھاياتلىق دوقمۇشۇمدىكى بېشىمغا كەلگەن خاپىلىق ۋە خۇشاللىق دەملىرىمدە مەن بىلەن تەڭ تۇرۇشۇپ بەرگەن، شەخسىيەتسىز، قېرىنداشلار ئارا بىر-بىرىگە قىيالماي "مەن سىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن" دەپ كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئاققان ئاشۇ قېرىنداشلىرىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۇ مەردانە يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپتىكى چاغلاردا، مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تار كوچىغا جايلاشقان مەسجىتكە بېرىپ كېلىش داۋامىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. مەن ئۇلار بىلەن تونۇشقان بۇ خاسىيەتلىك كۆنلەرنىڭ مەندىن يىراق شەھەردە قېلىپ قالغان غەمگۈزارىم جان ئاپامنىڭ جەينامازدا ھەمىشە مەن ئۈچۈن خەيرىلىك دۇئالارنى قىلىپ تۇرغان كۆنلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل.

بەزى كۆنلىرى بەش ۋاقىت نامازنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ مەسجىتكە بېرىپ ئوقۇيتتۇق. ئەلۋەتتە بۇ، ياتاقتا ناماز ئوقۇشتا قىيىنچىلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن بەكراق مەسجىتتە ئوقۇلغان نامازنىڭ ۋە جامائەتنىڭ پەزىلىتىگە بولغان ئىنتىلىش سەۋەبىدىن ئىدى. قىش كۆنلىرى ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى ساقلاپ تۇرۇش كېتىشلەر، سۇبھىلەردە كېچىچە ياغقان ئاپئاق، كۆلتۈك قارلاردا پۇتكۆل ياتاق بىناسى بويىچە تۇنجى بولۇپ ئىز

**قالدۇرۇپ مېڭىشلار، مەكتەپ ئارقىسىدىكى ئەتىتگىنى تېخى ئېچىلىپ بولالمىغان چوڭ دەرۋازىدىن سەكرەپ ئۆتۈشلەر... يول بويىي بىر-بىرىنى ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ مېڭىشقا جىكىلەشلەر... نە قەدەر شېرىن ئەسلىمىلەر ھە! بۇلارنى ئۇنتۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!**

**بىز ئاللىقاچان ئۇ مەسجىتنىڭ جامائىتىدىن بولۇپ قېلىشقا باشلىغانىدۇق. ئىمام-مەزىناخۇنۇملارمۇ بىزنى تونۇپ كەتكەن بولۇپ، پات-پات نېمىدىگەن ھىممەتلىك يىگىتلەرسىلەر دەپ ماختاپمۇ قوياتتى. ئەلۋەتتە كۆڭۈلگە كاتتا ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈككەن بۇ يىگىتلەرنىڭ ھىممىتى ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز كەسپىدە سىنىپ بويىچىلا ئەمەس ھەتتا فاكۇلتېت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ ئوقۇش ھاياتىنى داۋام ئېتىپ كېلىۋاتاتتى.**

**ئۇ چاغلاردا يەنە مەزىن يوق ياكى كېچىكىپ كەتكەن ۋاقىتلار بىز ئۈچۈن ئەڭ بەختىيار مىنۇتلاردىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ۋاقىتلاردا قولىمىزغا مىكروفۇن ئېلىپ پۇخادىن چىققۇچە توۋلاپ ئەزان ئېيتىۋېلىش، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىنى بار كۈچىمىز بىلەن مۇشۇ پۇرسەتتە بولسىمۇ جاكارلىۋېلىش بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىدى... بۇنداق قىلىش بىلەن قانداقتۇر ئىچ-ئىچىمىزگە پاتمايۋاتقان ئىسيان ۋە غەلىيانلار بىراز بولسىمۇ بېسىققاندەك بولاتتى.**

**شۇ كەمگىچە ئاللاھ ئۈچۈن دەپ كۆڭۈل بېرىشكەن نەچچە قېرىنداشلىرىم بىلەن تونۇشۇش جەريانىم، ئارقا كۆرۈنۈش ۋە زېمىنلار ھەر خىل بولدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تەمى ئۆزگىچە تاتلىق ۋە مەن ئۈچۈن ئىبرەتلەرگە تولغان باشقا- باشقا گۈزەل ھېكايىلەر.**

# ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

سەن "مەن بولمىسام بولمايدۇ" دېگەن ئىشلارنىڭ سەنسىز زادى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا؛
سەن بولمىساڭ دۇنيانىڭ توختاپ قالىدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ساڭا سۇنۇلغان قوللارنىڭ ھەمىشە يېنىڭدا بولىدىغانلىقىغا؛ سەن يۈرىكىڭنى بەرگەنلەرنىڭ بىر كۈنلەر كېلىپ يۈزىنى ئۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ھەمىشە سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىغا؛ كۆرۈۋاتقان كۆزۈڭنىڭ ھەمىشە كۆرىدىغانلىقىغا، ئاڭلاۋاتقان قۇلىقىڭنىڭ ھەمىشە ئاڭلايدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ ئامانەتنى بىر كۈنى ئېگىسىگە كۆڭلۈڭ توق ھالدا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىڭغا؛ قەلبىڭگە تىكىلىۋالغان بۇتلارنى بىرمۇ بىر پاچاقلاپ تاشلىيالىغانلىقىڭغا؛ تاڭلا مەھشەردە خىجالەتچىلىكتە قالىدىغانلاردىن بولمايدىغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

سەن "مېنى جەننەتلەرگە ئاپىرىدۇ" دەپ كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، ئارقاڭدا كۆزى ياش يۇقى، كۆڭلى سۇنۇق بىرىنى قويۇپ قويمىغانلىقىڭغا، ئۇ كۆڭۈلنىڭ سېنى مىزان كۈنىدە تۇتمايدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

تاغۇ-تاشلارنىڭ ۋە ئاسمان-زېمىنلارنىڭ بىر كۈنى سەن كەتكىنىڭدە ئارقاڭدىن يىغلايدىغانلىقىغا؛ نەپسىڭنىڭ ۋە شەيتاننىڭ ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

سەن "ئەلەستۇ بىرەببىكۇم" دا ئىمزا قويغان كېلىشىمگە بىر ئۆمۈر رىئايە قىلالىغانلىقىڭغا؛ ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرگىنىنى يامان كۆرگىنىڭگە؛ پەرۋەردىگارىڭغا ھەممىدىن بەك مۇھەببەت باغلىيالىغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

مۆڭگۈزسىز قوينىڭ مۆڭگۈزلۈك قويدىن ھەققىنى ئالىدىغان ئاشۇ كۈنى، بېلىقلاردىن قۇشلارغىچە، دەل-دەرەخلەردىن قوياشقىچە بولغان مەخلۇقاتلارنىڭ ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن سەندىن شىكايەت قىلمايدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

"ساڭا بۆگۈنكى كۈندىن خەۋەر بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشىڭنى نەسىھەت قىلغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدىمۇ؟" دېگەن ئىلاھى بايان ئالدىدا دۇدۇقلاپ قالمايدىغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

سەن ئىخلاس بىلەن پەپىلەپ ئۆستۈردۈم دەۋاتقان ئەمەل دەرىخىڭگە رىياكارلىق، كىبىر، غەيۋەت-شىكايەت ئوتلىرىنىڭ بىرەر ئۇچقۇننى بولسىمۇ قوندۇرمىغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ساڭا ھەمىشە ئوچۇق تۇرىۋاتقان ئىلاھى ئىشىكلەرنىڭ بىر كۈنى يېپىلىپ قالمايدىغانلىقىغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى يىراقلاردىن ئىزدەۋاتقان پەيتلەردە، ئۇنىڭ رازىلىقىنىڭ يېنىڭدا تۇرغان يېتىم بالىنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرغا، سېنىڭ سىلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان چاچلارغا يوشۇرۇنغان ئەمەسلىكىگە؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ئەبەدى نجاتلىقىنىڭ رىتسىپىنىڭ چۆللەردە قېلىپ قالغان، قۇرۇپ، چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن كۆڭۈللەرگە يەتكۈزىدىغان سۇ بىلەن يېزىلمايدىغانلىقىغا؟! زۇلمەتنىڭ ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتكەن ئاللا-توۋالارنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىڭغا، يۈرىكىڭدىكى نۇردىن باشقىلارغىمۇ بېرەلەيدىغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

ياخشى بىر ھايات ياشاپ كېتىۋاتقانلىقىڭغا؟ قىلىشقا قۇدرىتىڭ يېتىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭغا؟!

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ساڭا ئىككىنچىلەپ بىر پۇرسەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا؟!

راست، ئىشەنچىڭ بارمۇ؟...!

# قەلبنىڭ رىزقى ۋە ئۆلۈم

ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈرەكنىڭ سوقۇشنىڭ قېتىم سانىغا يەنى يۈرەكنىڭ رىزقىغا باغلىق. قەلبنىڭمۇ ئەرشكە باغلانغان ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، ئۆلۈم قەلبنىڭ ئەرشتىن ئۈزۈلۈشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. قەلب ئەرشتىن ئۈزۈلۈپ بىر مۇددەت يەنە ئىشلەيدۇ. مۇنداق بىر ئۆرنەك بىلەن بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى ئاڭقىرىش مۇمكىن: ئىككىنچى قەۋەتتىكى تۇربىغا ئۇلانغان بىر شلانكا ئارقىلىق باغچىغا يېتىپ كەلگەن سۇ، جۈمەك ئېتىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە بىر مۇددەت ئېقىشنى داۋام قىلىدۇ. شۇڭا باغچىدىكى كىشى سۇ پۈتۈنلەي تۈگىگەنگە قەدەر جۈمەكنىڭ تاقالغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا "ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر"دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قەلبنىڭ ئەرشتىن ئۈزۈلۈشى بىلەن يۈرەكنىڭ سوقۇشنىڭ توختىشى ئارىسىدا ئۆتكەن ۋاقىت، دۇنيادا بىر قانچە كۈن ياكى بىر نەچچە ھەپتىلىك مۇددەت بولۇشى مۇمكىن؛ ئەسلىدە قەلبنىڭ ئەرشتىن ئۈزۈلۈشى بىلەن ئۆلۈم ئەمەلىيلەشكەن بولىدۇ، ئەمما نە ئىنسان ئۆزى نە يېقىن-يورۇقلىرى بۇنى ھېس قىلمايدۇ؛ ئىنسان بەزى ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە چۈشلەر بىلەن ئۆلۈمنى ھېس قىلىدۇ ئەمما ئىشىنىشنى خالىمايدۇ...

يۈرەكنىڭ ئەرشتىن ئۈزۈلۈشىدىن كېيىن ئۆتكەن ۋاقىت، ئىنساننىڭ ئەمەللىرىگە لايىق ئۆلۈم شەكلىنى ئىزدىشىدۇر. بەزىسى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە، بەزىسى خاتا داۋالاش نەتىجىسىدە، بەزىسى ھاجەتخانىدا، بەزىسى خىزمەتتە، بەزىسى تۇغۇتتا، بەزىسى سەجدىدە ئىزدىگىنىنى تاپىدۇ. ئىنسان ئوپېراتسىيە بولغانلىقى، ئوپېراتسىيەگە ۋاق قالغانلىقى، خاتا داۋالانغانلىقى ياكى تۇغۇتتا ئوپېراتسىيەنى تاللىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەجەل كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

بىر ئىنسان ئۆلگەندە ئۆزى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ سىنالغان بولىدۇ؛ "ئوپېراتسىيە سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتتى"، "ئوپېراتسىيە بولسا ئىدى ئۆلمىگەن بولاتتى"، "بۇ ماشىنىغا چىقمىغان بولسا ئىدى" ياكى "پالانى كېسەللىكتىن ئۆلۈپ كەتتى" دېگەندەك سۆزلەر ئىنساننى شىرىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۆلتۈرگۈچى خارەكتېرگە ئىگە بىر كېسەللىكمۇ ئۆلۈمگە سەۋەب بولالمايدۇ؛ بۇ ئىنسانغا ئەجەلدىن ئىلگىرى بەخش ئېتىلگەن چوڭ بىر رەھمەتتۇر. ئىنسان كېسەللىككە سەبىر قىلسا ۋە ئىسيان قىلمىسا، گۇناھلاردىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەمما ھارام بىلەن شىفا بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار بىلەن ھەم سەبىر قىلغان ھېسابلانمايدۇ...

# مۇسا ئەلەيھىسسالام سورىغان يەتتە نەرسە

مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىدىن يەتتە نەرسىنى بىراقلا سورىدى :

ئۇ:"پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، مېنىڭ ئىشمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن، مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن" دېدى.

ئاندىن بۇ تەلەپلىرىدىكى مەقسەتنى بايان قىلىپ :

"بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز، ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز." دېدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پىرئەۋنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سورىمىدى، بەلكى ئاللاھنى كۆپلەپ زىكىر قىلىش ئۈچۈن سورىدى. ئاللاھتائالانى زىكىر قىلىش بىزلەرنى ھەقكە دەۋەت قىلىدىغان، خاتالىقتىن ياندۇرىدىغان سۆھبەتداشلارغا مۇھتاج! ئاللاھ ئۈچۈن سۆھبەتلىشىش نېمە دېگەن گۈزەل –ھە!

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا مۇسانىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى بىر يولىدىلا ئىجابەت قىلىپ:

"ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى" دېدى. پۈتۈن رىغبىتىڭ ۋە ھاجىتىڭنى بايان قىلغىن، تەلەپلىرىڭنى قانچىكى كۆپەيتكىن، كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللاھ ئىجابەت قىلغۇسى.

ئەگەر ھەممىنى ئىجابەت قىلىۋەتسە، "سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى"دېگەن ئايەتتىن نىسۋىڭىز بولغۇسى. ئەمما ئۇنتۇپ قالماڭكى، ئىرىشكەنلىرىڭىز ئاللاھنى ئەسلەش ئۈچۈن بولسۇن، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

"مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسغا بۇرۇلۇپ ( بىر دەرەخنىڭ) سايىسگە بېرىپ: پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا مۇھتاج، دىدى."

ئەگەر بىرىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇنىڭدىن يىراق بول. ئۇنىڭ مۇھتاجلىقىنى چاندۇرما، رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەستىن، يۈزۈڭنى ئۆرىۋال. ئۇنى ئالدىڭدا خىجالەت قىلما.

"ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسغا بۇرۇلدى" كېتىپ قالدى دېمىدى، بەلكى بارلىق تەمە، تەمەننادىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىسغا بۇرۇلدى. ياخشىلىق قىل ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈ، ھەتتا ئىچىڭدە تېپىلداپ تۇرغان يۈرىكىڭدىمۇ رەھمەت ئېيتىش،

**ياخشلىق قايتۇرۇشلارغا تەمە بولمىسۇن. زەررىچىلىك ياخشلىقنىمۇ زايە قىلىۋەتمەيدىغان كەرەملىك ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟**

**ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، مىننەت قىلىش ۋە ئازار بېرىش بىلەن زايە قىلىۋەتمەڭلار .**

**"پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان، ۋە (خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ"، "ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كەينىدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر" بەقەرە:263- 262**

**"ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇيىاتچانلىق بىلەن مېڭىپ كەلدى." ئاللاھتائالا ئۇ ئايالنىڭ ئىگىزلىكى، شەكلى، رەڭگىنى سۈپەتلىمىدى، بەلكى ئۇلاردىنمۇ قىممەتلىك بولغان ھايا – ئۇيىاتچانلىق بىلەن سۈپەتلىدى.**

**يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دېڭىزدىكى چاغدا: "رەببىم سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، سەن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم" دەپ نىدا قىلدى.**

**فىرئەۋن دېڭىزدىكى چاغدا: "ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېدى.**

**ئوخشاش خېيىم- خەتەر بولسىمۇ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قۇتۇلۇپ قالدى، فىرئەۋن غەرق بولدى.**

**چۈنكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام : "ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى."**

**فىرئەۋنگە دېيىلدىكى: "ئىلگىرى ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ." كىمكى خاتىرجەملىكتە ئاللاھنى ئەسلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قىيىنچىلىقتا تاشلىۋەتمەيدۇ.**

# ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تاھارىتى

شۇنداق، ھېس-تۇيغۇلارنىڭمۇ تاھارىتى بار؛ ئۇلارمۇ تاھارەت ئالىدۇ ھەم تاھارىتى سۇنىدۇ. ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تاھارىتى بەدەن تاھارىتىنىڭ ئاساسى. بەدەن تاھارەتلىك تۇرغاندا ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تاھارىتى ئاللىقاچان سۇنغان بولۇشى مۇمكىن؛ بەدەن تاھارىتى يوق پەيتتە ھېس-تۇيغۇلار تاھارەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

*سىز ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ تەپەككۇر قىلىپ تۇرغان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارەتلىك پەيتى؛ باتىل پىكىر-چۈشەنچىلەر غالىب كېلىۋاتقان ۋاقىتىڭىز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر؛

*سىز شەھۋانى خىياللارنى سۈرىۋاتقان ۋە ھوزۇرلىنىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر؛ ئاخىرەتنى، گۇناھلىرىڭىزنى ئەسلەپ كۆڭلىڭىز غەمكىن بولۇۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى بولغان پەيتتۇر؛

*سىز كۆڭلىڭىزدە ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز بىرەر ناخشا-مۇزىكىنى غىڭشىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيت؛ خۇددى شۇنىڭدەك سىز قۇرئان تىلاۋىتى ياكى زىكرىلەرنى غىڭشىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارەتلىك پەيتىدۇر؛

*سىز يامان ئوي-پىكىر، ھىيلە-پىلانلارنى كۆڭلىڭىزگە پۈكۈپ تۇرغان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيت؛ سىز قەلبىڭىزگە ياخشى نىيەتلەرنى پۈككەن ۋاقىت بولسا ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارەتلىك پەيتىدۇر؛

*سىز نامەھرەمگە قايتا-قايتا قاراۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيت؛ نامەھرەمدىن، ھارامدىن كۆزىڭىزنى قاچۇرىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى بولۇۋاتقان پەيتتۇر؛

*قەلبىڭىزدە ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك ئوتى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيت ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر؛ ئەپۇ قىلىۋاتقان، كەڭ قورساق بولۇۋاتقان ۋاقتىڭىز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى بار پەيتتۇر؛

*سىز غەيۋەت-شىكايەت قىلىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر؛ باراۋەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى، پەزىلەتلىرىنى چىن قەلبىڭىزدىن تەستىقلاۋاتقان دەملىرىڭىز بولسا ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى بولۇۋاتقان پەيتتۇر؛

*ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ خالىي جايدا ياش تۆككەن ۋاقتىڭىز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارەتلىك ۋاقتىدۇر؛ مىڭبىر ۋەسۋەسە ۋە خىيال بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىز ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر؛

*سىز ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھتىن يېنىۋاتقان ۋاقىت، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارەتلىك پەيتىدۇر؛ قەلبىڭىزدە گۇناھ-مەئسىيەتكە قارار بېرىلىپ گۇناھقا يۈزلىنىۋاتقان پەيت ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ تاھارىتى سۇنغان پەيتتۇر...

ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تاھارىتىگە سەل قارىماڭ، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى ھەمىشە تاھارەتلىك تۇتۇشقا تىرىشىڭكى، بالايى-ئاپەتتىن خالىي قىلىپ، ئىككى جاھان مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگۈسى!

"روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ."سۈرە شەمس 9، 10- ئايەت

# رۇبائىيلار

(1)

بوياقتا بويىساڭ قاغىنى ئاپئاق،

بەربىرى قارىدۇر نەسلىدىن شۇنداق.

ئارزۇلاپ ئۇچۇرساڭ توخۇنى كۆككە،

قونغىنى يەنىلا يەردىكى قونداق.

(2)

كۆكەرسە شامالدا شىلدىرلار ياپراق،

تەلپۈنەر زېمىنغا چۈشۈشكە پاتراق.

ئەجەب ئىش، ھېس-ئاڭغا ئىگە بىر ئادەم،

ھەمىشە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ئامراق.

(3)

نادانلىق ئۈستىدىن قىلدۇق كۆپ ئەرز،

بولمىغان قالاقلىق بىزلەرگە پەرز.

ۋايىسدۇق، قاقشىدۇق لېكىن بىلدۇقكى،

ئەۋلادلار ئالدىدا بوپتۇق كۆپ قەرز.

(4)

بەزىلەر سۆزلەيدۇ ھالىمغا قاراپ،

دۇنيادىن بارغانچە قالدىڭ ياتسىراپ.

قولۇمدا قۇرئانىم، قەلبىمدە ئىمان،

ئارمىنىم دېگىزدا خۇددى مەن كاراپ.

# ياخشى ئەر بولۇشنىڭ 20 قەدىمى

بۇ رىسالە، مۇسۇلمان بىر ئەر بولۇش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىنىدىغان، ئىسلام ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن ۋە يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە كۆرسەتكەن يولدۇر. خاتا پىكىر-ئىدىيەلەرنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بۇ يازمىنى ئوقۇڭ-دە، بەش يۇلتۇزلۇق بىر ئەر بولۇڭ!

**1-سالاملىشىپ باشلاڭ.**

ئىشتىن ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدا ئائىلىڭىزغا سالام بېرىڭ، "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئەسلەڭ: "مەن سىلەرنى ئەمەل قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ سىلەر ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار."

**2-ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن نەزەر سېلىڭ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەر-ئايال ئىككىيلەن بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن قارىسا ئاللاھمۇ ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ." ئايالىڭىز بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆز بىلەن ئالاقە قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىڭ. بىر ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھەرىكىتىڭىزدىن ئۇ جەزمەن خۇرسەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەتكە تويۇنغان بىر كۆز ئالاقىسى بولۇشى لازىم.

**3- ئايالىڭىزغا ئەھمىيەت بېرىڭ ۋە ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇڭ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەشنى بىر خىل ھەدىيە، يەنى ماددى ھەدىيە ئەمەس مەنىۋى بىر ھەدىيە سۈپىتىدە قارىغاندۇر. بۇ ھەققەتەن شۇنداق بىر ھەدىيەكى، ئۇنىڭ مەنبەسى كۆڭۈلدىن ئىبارەت. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەنمۇ ماڭا دېيىلگەننى قىلدىم (ئىمان ئېيتتىم)، شۇنىڭدىن تارتىپ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قاچانكى مېنى كۆرسە تەبەسسۇم قىلاتتى." بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى مەشھۇر بىر ھەدىسنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتەيلى:" (مۇئمىن) قېرىندىشىغا تەبەسسۇم قىلىش، سەدىقىدۇر." خۇلاسە كالام، بۇ ئىككى ئىشنى ئائىلىڭىزدە كەم قىلمىغىنىڭىزدا، قانچىلىك پەزىلەتلىك ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئايالىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان

مۇھەببىتىڭىزنى نۇر چاقناپ تۇرغان تەبەسسۇمىڭىزدىن ھېس قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىڭ.

4-ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.

يەنە كېلىپ بۇنى كۆپ دەپ تۇرۇڭ! بىراز رومانتىك بولۇڭ، پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆرنەك ئېلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭغا "مېنى قانداق ياخشى كۆرىسەن؟" دەپ سورىغاندى، پەيغەمبىرىمىز "يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈندەك" دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆز ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك ۋە مەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئائىشە ئانىمىز "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، تۈگۈننىڭ ئەھۋالى قانداق؟" دەپ سوراپ قوياتتى، پەيغەمبىرىمىزمۇ "تۇنجى كۈندىكىدەك" دەپ جاۋاب بېرەتتى.

5-ئۇنى سۆيۈپ قويۇڭ.

بۇ تولىمۇ ئاددى بىر ھەرىكەت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاجايىپ زور تەسىرى باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەتكە مېڭىشتىن بۇرۇن ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئاكتىپ ئېنېرگىيەنىڭ ئۆيىڭىزدە ئاكتىپ بىر كەيپىيات شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماڭ.

6-ئۇنىڭ بىلەن ئويۇنلارنى ئويناڭ.

ئائىشە ئانىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمرا بولۇپ مەلۇم بىر سەپەرگە چىققانلىقى توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئائىشە ئانىمىز ياش قىز ئىدى ۋە سېمىز ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مېڭىۋېرىشكە بۇيرۇدى، ساھابىلار ئالدىن ماڭغاچ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا "قانداق، مۇسابىقىلىشامدۇق؟" دېدى. ئائىشە ئانىمىز ئۆزىنىڭ يۈگۈرگەنلىكىنى ۋە پەيغەمبىرىمىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈتتە پاتىدۇ. كېيىنچە ئائىشە ئانىمىز بۇ ۋەقەلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، تېخى سەمرىپمۇ قالغانىدى. يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزگە ھەمرا بولۇپ ماڭغاندا، پەيغەمبىرىمىز ساھابىلارنى ئالدىدا ماڭغاچ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ساھابىلارمۇ مېڭىۋېرىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزنى يەنە بىر قېتىم مۇسابىقىلىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تەڭلەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

7-ئايالىڭىز بىلەن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈڭ.

بۇ، ئائىلەڭلارنى ياخشىلاش ۋە بىر-بىرىڭلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يول. ئائىشە ئانىمىز بېشىنى رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ھەبەشىستاندىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ نەيزە-قالقان ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازادە ھالدا ئايالىنىڭ كۆرۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئائىشە ئانىمىز چارچاپ قالغاندا "خۇش بولدىڭمۇ؟" دەپ سورىدى ۋە بىللە ئۆ يەردىن ئايرىلدى.

8-ئۇنى قوللاڭ.

بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، مەلۇم بىر سەپەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. ئايالى كېچىكىپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئايالى يىغلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قوللىرى بىلەن ئايالىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى ۋە ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلدى.

9-ئۆي ئىشلىرىدا ياردەمدە بولۇڭ.

ھېچبولمىغاندا ئۆزىڭىزنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭ. ئائىشە ئانىمىزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدىكى ئەھۋالى سورالغانىدى، مۇنداق جاۋاب بەردى: "ئۆيدە ئائىللىرىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ناماز ۋاقتى كەلگەندە نامىزىنى ئوقۇيتتى." ئائىشە ئانىمىز يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلغان: "كىشىلەر ئۆيىدە نېمە قىلسا ئۇمۇ ئۇنى قىلاتتى، كىيىملىرىنى ۋە ئايغىنى ياماپتتى، قويلارنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى." بولۇپمۇ ئايالىڭىز ھارغىن ياكى ئاغرىپ قالغان بولسا سىزدىن ياردەم سورىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ.

10-ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەپ-ئىچىڭ.

ياكى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلىڭ! ئايالى قاچىدىن ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ قاچىدىن، لىۋىنى ئايالىنىڭ لىۋى تەككەن جايغا قويۇپ ئىچەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئايالى گۆش يىگەندە ئۇ گۆشنى بۆلۈپ، ئاندىن ئايالى چىشلىگەن يەردىن چىشلەپ يېيىشكە باشلايتتى. ئەگەر سىز بۇلارنى قىلسىڭىز، ئايالىڭىز ئۆزىنى خۇرسەن قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ ۋە بۇ گۈپۈلدەپ سۆيگۈ پۈراپ تۇرىدىغان كىچىك سۆيۈنچىلەر نەتىجىسىدە سىزنى تېخىمۇ بەك سۆيىدىغان بولىدۇ.

11-ئۇنىڭغا سۆيگۈ كەلىمىلىرى بىلەن خىتاپ قىلىڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا "ھۇمەيرا" دەپ خىتاب قىلاتتى. ھۇمەيرا "گۈلدەك" ياكى "گۈلۈم" دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇمەيرا دېيىش ئارقىلىق ئايالىغا چىرايلىق ۋە گۈلدەك مەڭزىلىرى بارلىقىنى دېگەن بولاتتى. ئايالىڭىزغا ئۆزىگە خاس سۆيگۈ كەلىمىلىرىنى تېپىپ خىتاپ قىلىڭ-دە، ئۇنىڭ تېخىمۇ ماسلاشقىنىنى ۋە ئالاقەڭلارنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرىسىز.

**12-ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىڭ.**

ئۇنىڭ بىلەن ھېس-تۇيغۇلار ۋە گۈزەل ئەسلىمىلىرىڭلار ھەققىدە پاراڭلىشىڭ. پاراڭلاشقاچ بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزۈڭ. يامان خەۋەرلەرنى دېيىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاپقانغا قەدەر كۈتۈڭ ۋە ئەڭ ئۇيغۇن يولنى تاللاڭ.

**13-خۇشخۇي بولۇڭ.**

ئايالىڭىز يېنىڭىدىكى چاغلاردا ئۇنىڭغا قارىتا خۇشچىراي، يېقىملىق، ئالىيجاناپ ۋە مەردانە بولۇڭ.

**14-سەممىي بولۇڭ.**

كەلسە كەلمەس يالغان سۆزلەشتىن ساقلىنىڭ. ئۇنىڭ قارىتا سەممىي بولمىسىڭىز سىزگە ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ھەمىشە سەممىي بولۇشنىڭ پېيىدا بولۇڭ.

**15-ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىڭ.**

ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن مەسلىھەتنىڭ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇڭ. مەلۇم بىر ئىشتا ئەگەر ئۇ تېخىمۇ ياخشىراق پىكىرگە ئىگە بولسا، قارارىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن بىللە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يولغا چىققانىدى. ئەمما مەككىگە كېلەي دەپ قالغاندا مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ مەككىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ پايدىسىغا بولمىغان بىر كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىم بىلەنمۇ ئۇلار يەنىلا ھەجنى ئادا قىلالمايتتى. ساھابىلار گاڭگىراپ قالغان ۋە ئاچچىقى كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆردى ۋە ئايالىغا مەسلىھەت سالدى. ئايالى ئۇنىڭغا ساھابىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چېچىنى ياستىشنى تەۋسىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەۋسىيەنى خوپ كۆردى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چېچىنى ئالدۇرىۋاتقان ھالدا كۆرۈشتى ۋە

خاپىلىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىنى قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىڭ تەۋسىيەسى ئاشۇ كۈننى "قۇتقۇزۇپ" قالغانىدى.

ئەر-ئايال ئىككىڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ يېرىمىسىلەر؛ ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئېلىش، ئائىلە ھاياتىڭىزنى ياخشىلايدىغان ئۇل ئىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

16-رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇڭ.

ئۇنىڭ قىلغان بارلىق گۈزەل ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىڭ. سىزنىڭ بۇ مۇئامىلىڭىز ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغاندۇر.

17- ھەدىيە ئېلىڭ.

چوقۇم قىممەت بىر ھەدىيە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ئايالىڭىز ياقتۇرىدىغان بىر نەرسە بولۇشى كېرەك.

18-ئايالىڭىزنىڭ ھالال تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈڭ.

ئايالىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئالغا بېسىشىڭىزغا ھەسسە قوشۇشىغا يول قويۇڭ. كىشىلەرنى راستچىللىققا دەۋەت قىلىش ۋە گۇناھ سادىر قىلىشتىن مەنئىي قىلىش ھەققىدە ئۇنى قوللاڭ. پەزىلەتلىك دوست - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈڭ.

19-تۆشەكتە ئالىيجاناپ بولۇڭ.

ئائىلىنىڭ ۋە جىنسى تۇرمۇشنىڭ ئىسلامىي ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىڭ. ئۆزىڭىزگە خاس ساغلام بىر ھاياتىڭىز بولسۇن ۋە ئاشۇ ئەسنادا ئايالىڭىزنى ئۇندەڭ، ئۇنى ماختاڭ. ھالال مۇناسىۋەت، مۇھەببەتلىك ھاياتىڭىزنى ياخشىلايدۇ ۋە ئايالىڭىزنىڭ خۇشنۇدلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

20-دۇئا قىلىڭ تۇرۇڭ.

ئاللاھ تائالاغا ئايالىڭىز بىلەن مۇكەممەل مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشىڭلارغا ياردەم قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ.

قوشۇمچە ئەسكەرتىشلەر:

- ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىشتا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ، كىچە تەھەججۇد نامىزى ئۇچۇن ئويغىتىڭ. قۇرئان، ھەدىس، تەپسىر ۋە باشقا ئىلىملەردىن بىلگىنىڭىزچە ئۆگىتىڭ.
- ئايالىڭىزغا قارىتا ئالىيجاناپ ۋە مەرھەمەتلىك بولۇڭ. ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىڭ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىڭىزنى يىقىملىق سۆزلەر بىلەن ۋە ئىلتىپات قىلىشلار بىلەن كۆرسىتىڭ.
- ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى چۈشىنىڭ ۋە قامداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىڭ.
- سېخىي بولۇڭ، سورىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، كېرەكلىك پۇل-پۇچەكنى بېرىڭ.
- پات-پات ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىڭ، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئائىلە زىيارىتىنى ئاقسىتىپ قويماڭ.
- ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭ.
- ئايالىڭىزغا ئۇنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ.
- ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىڭ، مۇھەببەت بېغىشلاڭ ۋە توغرا چۈشىنىڭ.
- ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىپ، پەرىشان قىلماڭ.
- ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماڭ، چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ.
- ئۇنىڭغا باشقا ئەرلەرنى تەسۋىرلەپ بەرمەڭ ھەمدە ئۇنى باشقا ئاياللارغا سېلىشتۇرماڭ.
- ئايالىڭىزنى تاماق ئوخشماپتۇ دەپ ئازارلىماڭ، ياقتۇرغان بولسىڭىز يەڭ ۋە رەھمەت ئېيتىڭ، ياقتۇرمىغان بولسىڭىز ھېچنېمە دېمەڭ.

# قايتا تېپىۋېلىش

ئالدىنقى كۈنى كەچكە يېقىن ئۆيگە لازىمەتلىك سېتىۋالماقچى بولۇپ تاللا بازىرىغا كىردىم. دۇكاندا خېرىدار بەكلا شالاڭ بولۇپ، ئۈچ-تۆت پىركازچىك قىز پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئەتىكى (14/02) ئاتالمىش بايرىمىدا قىلىدىغان ئىشلارنى دېيىشىۋاتاتتى. 20 لىرالىق نەرسە سېتىۋاپتىمەن، پارچە پۇل يوق 100 لىرا تەڭلىدىم، قارىسام 10 لىرا ئارتۇق قايتۇرۇپتۇ، قايتۇرىۋەتتىم. ئارىدىن بىرى "ئاڭلىق ئادەم دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ" دەپ مېنى تەقدىرلەپ قويغان بولدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە دەررۇ كاللامغا كەلگىنى، بۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا شۇ سورۇنغا مۇناسىپ ئىككى ئېغىز ھەق سۆزنى يەتكۈزىۋېلىش بولدى. قايسى گەپتىن باشلىسام ياخشىلىقنى دەڭسەپ بولالماي ئىككى-ئۈچ سېكۇنت مەڭدەپ قالدىم، كاللام قۇپقۇرۇق ئىدىم...

ئالىي مەكتەپتىكى چاغلارنى ئەسلەپ قالىمەن. ئۇ چاغلاردا مەن ۋە ئەتراپىمدىكى قېرىنداشلىرىم ھېچقايسىمىز دىپلومى بار ياكى داڭق قازانغان دەۋەتچىلەردىن ئەمەس ئىدۇق. پەقەت دىنغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياق ۋە سەمىمىيەت تۈرتكىسىدە، ھەر يېڭى چىققان تەرجىمە كىتاپلارنى ئىزدەپ سوراپ، تالىشىپ تۇرۇپ ئوقۇۋالاتتۇق-دە، بىر بىرىمىزگە يەتكۈزۈشكە ۋە ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايتتۇق.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئارىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ھەممىمىزگە ئۈلگە بولىدىغان بىر نەچچە ئوقۇغۇچى "دەۋەتچىلەر" بارلىققا كەلگەندى. ئەينى چاغلاردا بەلكىم دەۋەت مەزمۇنلىرىدا كەمتۈكلۈك ۋە ياكى ھازىرقى ئارىمىزدىكى "داڭلىقلار" ئەيىبلەيدىغان نۇقتىلار بولغاندۇ؛ ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا، ئۆز دىنىغا بولغان ئەڭ سەمىمىي مۇھەببەتلىرى ۋە ئەيلىگەن تەسەددۇقلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاڭلىغۇچىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان مەكتەپ ھاياتىغا يارىشا تەقۋالىقلىرىغا شاھىت بولۇپ تۇراتتۇق. ئەسلىدە ئۇلار، مەكتەپتىكى ھىدايەت تاپقان ۋە تېپىشى تەقدىر قىلىنغان ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر قىممەتلىك ھەدىيە ئىدى.

ھازىر مەيلى كىم نېمە دېسە دېسۇن، شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ دىن يولىدىكى سەمىمىيتى، پىداكارلىقلىرى كېيىنكى مەزگىللەردە ئارىمىزدىكى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھىممەتلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە، ھايات مۇساپىسىدىكى ھەر بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا ھەمىشە ئۈممەت ۋە مىللەتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشنى تاللىشىغا، ھەتتا دىنى ئۈچۈن مۇھاجىر ۋە مۇجاھىدلاردىن بولۇشىغا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ھەل قىلغۇچ ھەسسە قوشقانىدى...

چەتئەلدىكى ھايات، تەييارلىقسىزلا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولغان بىزلەر ئۈچۈن بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان خىسلەتلەرنى مەجبۇرى ئۆنتۆلدۈرۈش بىلەن تۈنجى قەدىمنى باسقان بولدى. ئۆز ئارا دەۋەت قىلىششلار تېز سۈرەتتە پەيدىنپەي يوقىلىشقا باشلىغانىدى. دەۋەت ۋەزىپىسى داموللامىلارنىڭ ئىشىغىلا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى. ئەتراپتىكى ئاۋام ئۆزى بىلىدىغان ئەقەللىي پرىنسىپلارنىمۇ ئۆز ئارا يەتكۈزۈشكە ئېرىنىۋاتاتتى، يەنە بىر جەھەتتىن، بىر قارىسا ھەممىيلەن خۇددى ھەممىنى بىلىدىغان ئالىمدەكلا كۆرۈنەتتى.

خۇددى شۇنىڭدەك، مەنمۇ ئەينى چاغدا مېنى مەن قىلغان بۇ نېئمەتتىن بارا-بارا يىراقلاشتىم. ئەتراپىمدىكى بەزىبىر ئاجايىپ بىر قىسىملا ئادەملەر ئارىسىدا كۆڭلۈم سوۋۇپ، ھەمىشە خالىيلىقلارنى، تەنھاراق ياشاشنى خالاپ قالاتتىم.

خېلىدىن بۇيان ئىچىمدە بىر خىل چوڭ بوشلۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ تۇرىمەن. بۇ بوشلۇقنىڭ نېمە ۋە قانداق تولدىغانلىقى ھەققىدە تولا ئويلىنىپ، سىناپ، ئاخىرى ئىككى – ئۈچ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندەك بولغانىدىم. ئۇنىڭ بىرى، مەن دەل يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىپ ياشىغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئارىمىزدا تەبىئىيلا شەكىللەنگەن ئۆزئارا دەۋەت قىلىششلار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدىكى بۇ دەۋەت قىلىششلار پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ۋە سەمىمىي بولغاچقىلا دەۋەت ئوبيېكتىنىلا ئەمەس بەلكى ياخشىلىققا ئۈندەۋاتقان بىزنىڭمۇ دىن يولىدا تېز سۈرەتتە يۈكسىلىشىمىزگە تۈرتكە بولغان بولسا، ئەسلىدە ھەر بىر ئەقلىي سەلىم مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان بۇ خىسلەتلەردىن يىراقلىششىمىزغا ئەگىشىپ، قەلبىمىزدىمۇ باشقا نەرسە تولدۇرۇپ بولالمايدىغان بوشلۇقلار شەكىللەنگەنىدى.

ئەلقىسسە، ئاقىۋەت ھېچنېمە دېمەستىن دۇكاندىن يېنىپ چىققان بولدۇم. بولمىسا بۇ، نەچچە يىل تەرجىمانلىق ھەم ئوقۇتۇش بىلەن ھەپىلەشكىنىم ئۈچۈن تىل جەھەتتىن قېيىنچىلىق تارتقانلىقىم سەۋەبىدىن ئەمەس ئىدى؛ گەرچە مەن كەسپىي دەۋەتچىلەردىن بولمىساممۇ، ئۆزلۈكۈمگە لايىق ھالدا بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدىم ۋە قۇربىتىم يېتەتتى. ئەمما شۇ دەملەردە ماڭا غالىب كەلگىنى، مەن ياتلىشىپ كەتكەن ئىسلامىي مەسئۇلىيەت نەتىجىسىدە ۋۇجۇدۇمدا شەكىللەنگەن ئاجىزلىق، جۈرئەتسىزلىك، ھازىر جاۋاپسىزلىق... ۋەھاكازالار ئىدى.

قايتىپ كېتىۋېتىپ، كاشكى ئۆزۈمگە كېلىشىم ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ پۇرسەتنى زايا قىلىۋەتمىگەن بولسامچۇ دەپ ئۆكۈندۈم؛ ھەتتا ئارقامغا يېنىپ، بايامنىڭ ياقى كاللامغا تىزىۋالغان جۈملىلەرنى دەۋېلىپ چىقىشنىمۇ ئويلىدىم، ئەمما قەدەملىرىم ھېچ ئۆزۈمگە بوي بەرمەيتتى...

ئەلھەمدۇلىللاھ، مەن بۇ ئىشتىن تېگىشلىك ئىبرەتنى ئالدىم، مەنىلەرگە تولغان پارلاق بىر ھايات يولىنى قايتىدىن كۆرگەندەك بولدۇم. ئاخىرىدا بۇ يازمىنى ئوقۇۋاتقان سىز

ئەزىز قېرىندىشىم ئۆچۈن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىغان يەنە بىر يازمىدىن ئۆزۈندى قىلاي. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشىلىقلارغا مۇۋەپپەق قىلغاي.

***ئۆزۈندى يازما:***

بىز ئارىمىزدا "بۇ ئادەمدىن ئۆمىد كۈتكىلى بولمايدۇ" دەپ قاراپ، تاشلاپ قويۇۋاتقان ۋە قېچىۋاتقان قانچىلىغان كىشىلەر باردۇ؟!

ھالبۇكى، سىزنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا پەقەت ئىللىققىنە بىرلا كۈلۈمسىرەپ قويۇشىڭىز، بىرلا ئېغىز ھەق سۆزىڭىز ۋەياكى بىرەر ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشىڭىزلا كۇپايە بولۇپ قېلىپ، ئۇلار ئۈممەتنىڭ، مىللەتنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالى بار...

ئەنە، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان مەسلەمە ئەل قەنابى ئىلگىرى كوچىدا ھاراق ئىچىپ يۈرۈيدىغان بىر زابوي ئىدى، كېيىن قەلبى ئېچىلىپ ئىسلامغا يۈزلەندى؛ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان ھەدىسلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا ئاشۇ ئىلگىرىكى "زابوي"نىڭ ئەمگىكى بار.

يەنە شامنىڭ كوچىلىرىدا ئەخلەپ يىغىدىغان، "ئېلىپ-بە"دىن خەۋىرى يوق بىر يىگىت 29 يېشىدا ئىسلام بىلەن تونۇشتى ۋە ئازغىنە ۋاقىتتا ئالىملارنىڭ سۇلتانى ئىززەددىن ئىبنى ئابدۇسسالام بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

بىر چاغلاردا بىر كىشى شەيتانغا ئەگىشىپ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى؛ بىر قانچە يىلدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشى ھەققىدە: "ئى ئۆمەر! شەيتان سېنى كۆرسە باشقا جىلغىغا قاچىدۇ" دېگەنىدى...

ئەتراپىمىز، يېقىن-يورۇقلىرىمىز ۋە كوچا-كويلىرىمىز ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ...

# تەكرارلىق ۋە پەرق

ئىنسان تىنىقنى باشقىچە ئالالامدۇ؟

قەدەملىرىنى باشقىچە باسالامدۇ؟

ياكى ھەر لوقما تائامنى باشقىچە ھالەتتە يېيەلەمدۇ؟

ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلىمىلەر بىلەن جۈملە تۈزەلەمدۇ؟...

ياق، قىلالمايدۇ. چۈنكى ھايات تەكرارلىنىشلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئىنسان ئوخشاش ئىشلارنى تەكرارلاش بىلەن ياشايدۇ.

قەدەملىرىمىزنى باشقىچە ئېلىش بىلەن بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز. بىز قەدەملەرنى ھەمىشە ئوخشاش ئالىمىز؛ پەرقلىق بولغىنى بىر يېتىپ بارغان مەنزىلدۇر. بىز يەنە ئوخشاش كەلىمىلەرنى تەكرار ئىشلىتىپ ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلىيەلەيمىز؛ ئوخشاش نەرسىلەرنى ئوخشاش رەۋىشتە يەيمىز، ئىچىمىز؛ ئوخشاش رەۋىشتە ئۇخلايمىز، ئويغىنىمىز. ئەمما پەرقلىق بولغىنى بىز ئويغانغان كۈنلەردۇر.

كائىناتمۇ مۇشۇنداق؛ قۇياش، يەرشارى ۋە ئاي ئوخشاش ھەرىكەتنى تەكرارلايدۇ. يۇلتۇزلارمۇ ئوخشاش رەۋىشتە چىقىپ ئوخشاش رەۋىشتە پاتىدۇ. يامغۇرلار ئوخشاش شەكىلدە ياغىدۇ، دەرەخلەر يېڭىباشتىن ياشىرىدۇ؛ يېڭىباشتىن مېۋە بېرىدۇ...

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارقىمۇ ئارقا تەكرارلىنىدۇ. ئەمما بۇ تەكرارلىنىشلار بولىۋاتقاندا بىز ئوخشاش يەردە، ئوخشاش زامان ئىچىدە ئەمەسمىز.

يەنى مۇھىم بولغىنى، چوقۇم پەرقلىق بولۇش ئەمەس بەلكى ئارىدىكى پەرقنى كۆرەلەشتۇر... بۇلاردىكى پەرقنى كۆرەلمىگەن ۋە بۇلارنى پەرقلىق كۆرەلمىگەن ئىنسانلار ھاياتتىكى تەكرارلىنىشلاردىن شىكايەت قىلىپ ئۆتىدۇ...

ئەسلىدە ئۆگىنىشنىڭمۇ، ئالغا بېسىشنىڭمۇ يولى تەكرارلىنىشلاردىن شەكىللىنىدۇ. قۇرئان كەرىممۇ بەزىدە تەكرارلانغان ئايەتلىرى بىلەن بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ئۇپۇقىمىزنى ئاچىدۇ؛ شەيئىلەرگە، ۋاقىئەلەرگە ھەمىشە پەرقلىق قارىشىمىزغا ۋە پەرقنى كۆرۈشىمىزگە ئىشارەت قىلىدۇ.

# مۇھەببەت، ئىسيان تەلەپ قىلىدۇ

بىر ئىشەنچىلىك قېرىندىشىم ماڭا مۇنداق بىر چۈشنى نەقىل قىلدى:

بىر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ داۋانغا چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك؛ ماشىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرمۇ بار ئىكەن. ئارىلىقتا ماشىنا دۆڭدە توختاپ قاپتۇ، چۈش كۆرگەن قېرىندىشىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ چاقىغا تىرەپ قويۇش ئۈچۈن ئەتراپتىن تاش ئىزدىمەكچى بولۇپتۇ ئەمما شۇنداق قاراپ باقسا ساھابىلار ئاللىقاچان ماشىنا چاقىغا باشلىرىنى قويۇپ بولغانىكەن...

بۇ چۈشنى ئاڭلاۋېتىپ ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتكەندەك بولدى؛ ناۋادا ماڭا مۇشۇنداق بىر پۇرسەت كېلىپ قالسا، مۇشۇ كۆنلەردىكى رېئاللىقىم بىلەن تاش بولسىمۇ ئىزدەشنىڭ خىيالىمغا كېلىشى مەن قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئىش بولۇشى مۇمكىن...

بۇ گەرچە بىر چۈش بولسىمۇ ئۆزىنىڭ سالىھ چۈش ئىكەنلىكى بىلەن ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى ۋە پىداكارلىقىنىڭ ئەڭ كىچىككىنە كارتىنىلىرىدىن بىرى ئىدى:

ئەنە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان كېچىسى، ئاستىنقى قەۋەتتە ياتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ۋە تورپا-چاڭلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستى-بېشىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئايالى ئۇممۇ ئەييۇب ئىككەيلەن كېچىچە ئۇخلىماي چىققانىدى...

يەنە سەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇد جېڭىدە رەسۇلۇللاھقا كەينى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلغان مۇشرىكقا ئېتىلىپ بېرىپ رەسۇلۇللاھقا قالقان بولدى ۋە نەتىجىدە يارىلىنىپ شەھىد بولغانىدى...

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھنى قوغداش ئۈچۈن ئاجايىب پىداكارلىقلارنى قىلغان ساھابىلاردىن بىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھقا ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلارنى قولى بىلەن توسۇپ، قولى تىتىلىپ كەتكەن ۋە بارماقلىرى ئۈزۈلۈپ چولاق بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇ تەخمىنەن سەكسەن يېرىدىن يارىلانغان ئىدى؛ ھوشىغا كېلىپ قىلغان تۇنجى سۆزى "رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق" دېگەن سۆز ئىدى...

بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ساتراچقا چېچىنى ئالدۇرۋاتقان چاغدا ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك چاچلىرىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشىنى خالىماي بەس-بەستە ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى...

**مۇھەببەت ئىسپات تەلەپ قىلاتتى؛ "رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىمىز" دېگەن سۆز زايە قىلىنماسلىقى، ئۇنىڭ تەقەززاسىنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى؛ چۈنكى بۇ سۆز باشقا سۆزلەرگە ئوخشىمايتتى...**

**بەزىدە ئىنسان سەمىمىيەتسىزلىككە، شۇئار تۈۋلاشقا مەھكۇم بولغان بۇ دەۋر كىشىلىرى ئارىسىدىن ھەقىقەتەن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ "ئادەملىكىنى" سېغىنىپ قالاتتى...**

# بۈگۈن قايسى كۈن؟

سەندە ھېچبىر ئىجابى يېڭىلىق ياكى ئىلگىرلەش بولمىغان، ھەتتا چېكىنىش كۆرۈلگەن بۈگۈن، سەن ئۆز-ئۆزۈڭگە ئاسمان-زېمىن ۋە تاغلار ئۆز زىممىسىگە ئېلىشتىن قورققان ھەقىقەتنى يەلكەڭدە كۆتۈرۈپ مېڭىشقا قاتتىق ۋەدىلەرنى بەرگەن تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

سەن ياقا-يۇرتلاردا تىجارەتلىرىڭ يۈرۈشۈپ، ھال-ئەھۋالىڭ تۈزىلىپ، ئۆيدە غەمسىز ھالدا پۇتۇڭنى مىنگەشتۈرۈپ ياتقان بۈگۈن، ۋەتەندىكى چاغلىرىڭدا پەرۋەردىگارىڭدىن زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ۋە زالىمدىن قىساسلىرىڭنى ئالالىشىڭ ئۈچۈن ئىمكانىيەت ئاتا قىلىشنى يالۋۇرۇپ سوراپ دۇئا قىلغان تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

سەن ھەمىشە ئىنسانلار ۋە بىھۇدە، ھېچ ئەرزىمەس سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ ئۆتىۋاتقان بۈگۈن، قاتتىق ئاغرىپ قالغىنىڭدا دۇنيادىكى تاتلىق-ئاچچىق ھەرقانداق نەرسە ساڭا بىر تىيىن بولۇپ تۇيۇلغان تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

ھەر قەدرى ئۆتۈلگىنىدە ئاتا-ئانا ھەم ۋەتەن پىراقى سېنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، يۇم-يۇم يىغلىتىۋاتقان بۈگۈن، سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ قوينىدىكى، ئانا تۇپراقنىڭ باغرىدىكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ بىباھالىقىنى ئاڭقىرىپ بولالماي زايە قىلىۋەتكەن تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

سەن خىلۋەتتە يالغۇز قېلىپ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ كۆرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ ھېيىقماستىن گۇناھ ئۆتكۈزىۋاتقان بۈگۈن، سەن ئاشۇ گۇناھنى سادىر قىلىپ سالغىنىڭدىن كېيىن، رەببىڭگە ئالقانلىرىڭنى ئېچىپ مەغفىرەت سورىغان ۋە قايتا سادىر قىلماسلىققا ئۆزۈڭگە ۋە پەرۋەردىگارىڭغا قاتتىق ۋەدىلەرنى بەرگەن تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

دۇئالىرىڭ ئىجابەت بولۇپ، ھاجەتلىرىڭ راۋان بولغان ھالدا، سەن داۋاملىق بوشاڭلىق قىلىۋاتقان، ئۆزۈڭنى يەنىلا ئاجىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىقنىڭ قەپىسىگە سولىۋېلىپ بارغان بۈگۈن، سەن "پەرۋەردىگارىم مۇنداق مۇنداق شارائىتلارنى ئاتا قىلسا، مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋېتەتتىم" دەپ دەرمانسىزلىقنىڭ ھەسرىتىنى چەككەن تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر.

بۇ كۈنلەردە ھەر بىر كۆڭۈل، ئۈمىدلەرگە تولغان بىر ئەتىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ؛ ئىلگىرىكى كاتتىلىرىمىزدىن شەيخ سەئىدى "ئەتىنىڭ نېنى ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ خېمىرتۇرۇچ تۇتۇپ قويماق" لازىملىقىنى جىكىلەيدۇ. نۇرغۇنلىغان بۈگۈنلەرنى تۈنۈگۈن

**دېگەن ئىسىم بىلەن ئارقىمىزغا تاشلاپ يەنە بىر بۈگۈنگە كەپتۇق؛ ئىدراك قىلالىغانلار ھەر بىر تۈنۈگۈننى بۈگۈنى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەجرىبە قىلسا، بۈگۈنگە ئۇلاشقانلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئەتىسنى تەخمىن قىلىپتۇ، پىلانلار تۈزۈپتۇ؛ بۈگۈن ئالدىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن تۈنۈگۈنگە قاراپتۇ... ھەقىقەتەنمۇ ئەتە بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئاچقۇزمايدىغانلار، دەل بىز بۈگۈن كۆز يۇمغان رېئاللىقلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن...**

# ئاۋۋال ئۆزىمىزنى تۈزەيلى

ساھابىلەر بەدىر غازىتىغا ئاتلانغاندا ئۆزلىرىدىن بەكراق ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىشقانىدى. كۆڭلىدە رىياكارلىق، پەخىرلىنىش، چوڭچىلىق قىلىش يوق ئىدى. يىرتىق كىيىملەر بىلەن، مىنىدىغان ئۇلىقى يوق، پىيادە، يالاڭ ئاياغ ھالدا ھەقنى مۇداپىيە قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىگە بەدىر ئۇرۇشىنى ئاللاھ تائالا يىتەكلەپ، يول كۆرسىتىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك ئېتىقاد ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىگە دىققەت قىلىشاتتى ۋە نەتىجىدە ئاشۇ ھالىتىدە ئۇلارغا غەلبە يېتىپ كەلگەنىدى...

ھازىر ئويلاپ قالىمەن، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتكە قانداقىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن؟! ئىخلاسسىزلىق، رىياكارلىق، كۆز-كۆز قىلىشلار ئۈچىمىزدىن ماڭدامدا بىر تۆكىلىپ تۇرىدۇ؛ ھەممە ئادەم قىلغان ئەمەللىرىنى قانداق قىلىپ باشقىلارغا ئاڭلىتىش، ئاشكارىلاشنىڭ غېمىدە، قانداقتۇر بىر خىل ئالاھىدە بولۇۋېلىشنىڭ كويىدا.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك جەڭ مەيدانىدا بىر كاپىر بىلەن يەكمۇيەك ئېلىششقا چۈشكەندىمۇ تونۇلماسلىق ئۈچۈن يۈزىنى يۆگىۋالاتتى. سەلەفى-سالىھىنلارنىڭ ئەخلاقى مۇشۇنداق ئىدى.
بۈگۈنكى كۈندە، كەئبىگە بارغان كىشى كەئبىدە، جىھادقا بارغان كىشى جىھاد مەيدانىدا، ئاغرىق يوقلاپ بارغان كىشى بالنىستتا ئۆزىنى رەسىمگە تارتىپ، نەق مەيدان تارقىتىپ ياخشى ئەمەللىرنى ئاشكارلاشنىڭ دەردىدە.

بۇلارنى دېيىش بىلەن ئەسلىدە بىرەر كىمنىڭ نىيىتىنى سوراق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان بولسا ئۇنىڭ ئورنى باشقا، ئەمما بۇنىڭدىمۇ راستىنلا بەك ئاشۇرىۋەتتۇق.

رەسىمگە چۈشۈشنىڭ ھارام ياكى ئەمەسلىكى مۇنازىرىسىدىن تارتىپ تا ئەر-خوتۇن رەسىمگە چۈشۈپ تورلارغا چىقىرىشقىچە، ھەتتا توي تەكلىپىنى مەخسۇس كەئبىگە بېرىپ قويۇشقىچە بولغان دەرىجىگە كەلدۇق. تۋىتتېر، فېيسبۇك، ۋاتسئاپ قاتارلىقلاردىمۇ قىلغان ئەمەلدىن بەكراق ئۆزىمىزنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلغۇزىدىغان بولدۇق.

بەزى ئەر قېرىنداشلار فېيسبۇك ۋەھاكازالارغا ھەر قامەتلىك رەسىملىرىنى چىقىرىۋاتقان (ماشائاللاھ ھېچقايسىدا بىرەر تال قورۇقمۇ، تۆكمۇ يوق)، بەزى ئايال قېرىنداشلار بولسا ھىجابلىق ھالدا ئالدىدىن ۋە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ ياكى ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈپ باش سۈرەت رەسىمى قىلىپ چىقىرىۋاتقان.

مەقسەت نېمە، راستىنلا بىلمەيمەن؛ شۇنداقتىمۇ ياخشى گۇمان قىلىپ، ئۆزۈمدىن باشقا ھەممەيلەننى ياخشى ئويلاپ، يەنىلا ئىجابىي بىر نەرسىلەرنى دەپ باقىمەن.

فىهقى جەهەتتىكى تالاش- تارتىشلارغا كىرگۆم يوق؛ ئەمما شۇنىسى هەقىقەتكى ئەتراپىمىزدا ئىخلاسمىزغا دەز كەتكۆزىۋېتىدىغان ئامىللار هەقىقەتەن ئىنتايىن كۆپ.

بۇ سۆزلەرنى بىرەرسىنى تەنقىدلەش ئۆچۆن ئەمەس بەلكى پەقەتلا ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالايلى دەپ دەۋاتىمەن.

قېرىنداشلىرىم، هەر بىرەيلەن ئۆزى ئۆچۆن بىر دەرس، ئىشنى ئۆزىمىزنى تۆزىتىشتىن باشلايلى.

# مۆجىزە سۆزلەر

بەزى سۆزلەر باركى، بولۇنۇپ كۆن ئۆتە-ئۆتمەي ئەسلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، بىردىنلا بوران چىقىرىۋېتىدۇ-دە، ئاندىن جىمجىتلا غايىب بولىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، يېڭى كەشپىياتلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، يېڭى بايقاشلار ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، ئەسىرلەر ئۇنىڭ بىلەن خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، ئىنسان چوڭ بولغانچە ئۇ كىچىكلەپ بارىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، بۈگۈن قىممەتلىك بولسا، ئەتىسى ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

بەزى سۆزلەر باركى، كۈنسىرى جەزىبدارلىقىنى يوقىتىپ، زېھنلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ئەمما شۇنداق بىر مۆجىزە سۆز بار؛

ئۇ ئاللاھنىڭ كالامى...

ئۇ، كۈن ئۆتكەنسىرى غۇۋالىشىپ قالمايدۇ، بەلكى زېھنلەردە رۇشەنلىشىپ بارىدۇ.

يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر بىلەن ئاللاھنىڭ كالامىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ياخشى ئاڭقىرىلىپ بارىدۇ.

ئۇ كەلىمە قانچىلىغان ئۆمۈرلەرنى قۇياش كەبى پارلاتمىدى؟

ئۇ كەلىمە قانچىلىغان ئەقىللەرگە ئۆز نۇرى بىلەن يول كۆرسەتمىدى؟

ئىنسانلارنىڭ بىلىمى ئاشقانسىرى ئۇنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ بارىدۇ.

ئاللاھنىڭ كالامى بەئەينى ھاياتلىق كەبىدۇر، ھاۋا كەبىدۇر، سۇ كەبىدۇر، قۇياش كەبىدۇر...

تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېھتىياجىمىز بولغان بولسا، بۈگۈن ئۇنىڭدىن بەكراق ئېھتىياجىمىز بار؛ ئەتە بۈگۈنكىدىن تېخىمۇ بەك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزدە شەك يوق...

# گەپ قىلىدىغان "ئەينەكلەر"

ئەسلىدە ئەينەك گەپ قىلمايدۇ، ۋارقىراپ-تووۋلاپقۇ ئەسلا بىراۋغا ئازار يەتكۈزمەيدۇ. ئۆز جايىدا تۇرىدۇ، كەينىگىزگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنى سىزگە تەڭلەپ قانداقكەنسەن كۆرىۋال، دەپ تۇرىۋالمايدۇ. كۆپۈنكى ياكى پېتىنقى ئەينەك بولمىسلا ۋە ياكى ئۆزىدە بىرەر نۇقسانى بولۇپ قالمىسلا ئەپتىمىزنى ئۆز ئەينى كۆرستىپ بېرىدۇ. پارە-پارە قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزگىرىپ قالماستىن كىچىككىنە بىر پارچىسى بىلەن يەنىلا ئەسلىمىزنى كۆرستىپ تۇرىدۇ.

ھەدىس شەرىفنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىز بىر-بىرىمىز ئۈچۈن ئەينەك. گەرچە شۇ تاپتا باشقىلارغا يول كۆرستىشتىن بەكراق يول كۆرستىلىشكە مۇھتاج بولساقمۇ ھېچبولمىغاندا بىر-بىرىمىزگە ئەينەك بولۇش مەجبۇرىيىتى يەنىلا زىممىمىزدە.

قانداق ئەينەك بولىمىز؟

رېئال ھاياتتا بولسۇن ياكى مەۋھۇم تور دۇنياسىدا بولسۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ "مۇئمىن مۇئمىننىڭ ئەينىكى" دېگەن مۇبارەك ھەدىسىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، ئەينەك بولىۋاتىمەنغۇ دەپ ئۆزىگە كۆرە تەقۋالىق مەرتىۋېسىدە تۇرۇپ قوپال تىل-ھەرىكەتلەر بىلەن بىمەھەل دىللارغا ئازار بېرىپمۇ؟ مانى خاتا قىلدىڭ دەپ كۆزىگە كىرىۋېلىپمۇ؟ تورلاردا ئادەم ياراتماي، تەكەببۇرلارچە ئىنكاس-تېملارنى يېزىپ ياكى سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىپمۇ؟!...ياق.

سىز بەلكىم ناماز ۋاقتىغا سەل قارايدىغان بىرى بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىزنىڭ بىر "ئەينىكىڭىز" بار؛ ئەزان چىقىشى بىلەن تەڭلا ئۈن-تىنسىز نامازغا تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ، سىزگە "ھەي بۇرادەر! ناماز دېگەننى ۋاقتىدا ئوقۇيمىز جۇما! ۋاقتىغا سەل قاراش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى!" دەپ كەسكىن تىللار بىلەن سىزگە بىر قۇر دەۋەت قىلىۋەتمەيدۇ. سىزمۇ ئۇنىڭ نامازغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن كەتكۈزۈپ قويىۋاتقان يېرىڭىزنى دەرھال ھېس قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋالىسىز.

سىزنىڭ بەلكىم نامەھرەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ بولالمايىۋاتقان، كۆزىڭىزنى، تىلىڭىزنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى ياخشى كونترول قىلالمايدىغان بىر كەمچىلىكىڭىز بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمما سىزنىڭ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز "ئەينىكىڭىز"نىڭ ئېھتىياجدىن ئارتۇق سۆز-ئىبارىلەردىن قېچىشى، كۆزىنى يەردىن ئالماسلىقى، بەك بەك زۆرۈر بولۇپ كەتمىسە مەيلى رېئاللىقتىكى ياكى توردىكى بولسۇن يوشۇرۇن-ئاشكارە سورۇنلاردا زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىش ياكى يېزىشىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشى قاتارلىق ئەخلاقلىرى ئۇنىڭ سىزگە نامەھرەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى چىڭقىلىپ سۆزلەپ يۈرۈشكە ھاجەت قالمايلا، سىزنىڭ جىمجىتقىنە "ئەينىكىڭىز"دىن سىمايىڭىزدىكى داغلارنى كۆرىۋېلىشىڭىزگە پۇرسەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللارنى ھەر قايسى ساھەلەرگىچە كېڭەيتىش مۇمكىن.

نىيەتلەر ئەسلي ئېتىبارى بىلەن ئالىي، ئەمما ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىغان، كۆڭۈللەر ھەر تەرەپتىن پارە-پارە ئۇشبۇ كۈنلەردە كۆزىمىزگە كىرىۋالمايدىغان، دەررۇ ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان، سۆكمەيدىغان، دەشنام قىلمايدىغان، مالامەتچىدىن قورقۇپ ھەم ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، ئەمما ئەڭ سۆيۈملۈك ھالەتتە بىز ئۇنىڭدىن سىمايىمىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەينەك تىمسالى ھەمراھلارغا قانچىلىك تەشنا بىز!

ھەر بىرىمىزنىڭ ھاياتىدا ئىش-ئىزلىرى قەلبىمىزگە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ كەتكەن ئاشۇنداق ئەينەك كەبى ھەمراھلار بولغاندۇ بەلكىم؛ ئۇ ئېھتىمال سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز ياكى ياتاقدىشىڭىزدۇ؛ ياكى خىزمەتدىشىڭىز ياكى يېقىن ئادىشىڭىزدۇ، ھەتتا ئۇ سۆيگەن يارىڭىز بولۇشى ھەم مۇمكىن؛ ۋە ياكى ھاياتىڭىز بويىچە سىز ھېچ يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ۋە ئاشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىغان بىرى ھەم بولۇشى مۇمكىن... قەدىرلەڭ.

# ئۈمىد چاقنايدىغان قۇرلار

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا "دىن ئارقىلىق سودىلاشماقچى" دەپ تۆھمەت چاپلىدى ۋە: "مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقىمەن" دېدى. يەنە مىسىرنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: "ياكى زېمىندا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىشىدىن قورقىمەن" دېدى.

ئاندىن يەنە دۆلىتىدە جاسۇسلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ: "بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر(يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر" دېدى.

ئۇلار يەنە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مۇسانى"يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى." فىرئەۋن قۇللىرىغا: "مېنى قويىۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن" دېدى.

فىرئەۋن قەۋمى ئارىسىدىكى نادانلارنى ئەنە شۇنداق قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر دانا ئىكەنلىكى، مىسىردا ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: "مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن" دېدى.

فىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى ئىشقا سالدى. سېھىرگەرلەر: "ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟" دەپ شەرت قويۇشتى. فىرئەۋن دەرھاللا: "ھەئە" دېدى ھەمدە ئۇلارغا كاتتا مەنسەپلەرنى ۋەدە قىلىپ: "سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر" دېدى.

ئۇلار ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ھەممىدىن ئەرزىمەس نەرسە بولغىنى ئۈچۈن، پىرئەۋن: "ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز. بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز" دېدى.

بەنى ئىسرائىلدىكى ئۇ ئەۋلاد كىشىلەر نادان بولغاچ، مۇسادىن قاقشاپ، مۇساغا: "سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق" دېيىشتى.

ئەمما رەھىم-شەپقەتلىك ئاللاھ تائالا فىرئەۋن قەۋمىنىڭ دوزاختا تاشلىنىشتىن بۇرۇن زۇلۇمدىن قايتىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەرخىل مۇسىبەتلەر بىلەن سىناپ: "بىز ھەقىقەتەن فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇللىرىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق" دېدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇلار ھەر قېتىم بالايى- ئاپەت يەتسە، مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن كۆرۈپ: "مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى" دېدى.

قىسسە مۇشۇ يەردە تۈگەپ قالدىمۇ؟ ياق! يۇقارقى بارلىق ئازدۇرۇشلاردىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنىلا مۇسا پېتى قالدى؛ فىرئەۋنمۇ يەنىلا تاغۇت فىرئەۋن پېتى تۇرىۋەردى. قىسسە ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن ئۇنىڭ چوقۇم ئايىغى چىقىشى كېرەك. زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا "مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن باشقىلارنى ( فىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق" دېدى.

سۇئال: باشقىلار كىم؟

ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر!

ئۇلار زالىملارغا ياردەم قىلغۇچىلاردۇر!

ئۇلار زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خۇش بولغانلاردۇر!

ئۇلار زۇلۇمغا رازى بولغانلاردۇر!

ئۇلار زالىملارنىڭ گۇناھى قىلمىشلىرىنى ئاقلىغانلاردۇر!

# تەۋەككۇلنىڭ لەززىتى

سېنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك، تاقابىل تۇرۇشۇڭ مۇمكىن بولمىغان دۈشمەنلىرىڭ بولۇپ باقتىمۇ؟...
ئىنتايىن خەتەرلىك دەقىقىلەرنى ۋە كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ باقتىڭمۇ؟... گويا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى كەبى دېڭىز بىلەن فىرئەۋن ئارىسىدا قېلىپ باقتىڭمۇ؟...

خەتەرلىك مىنۇتلارنى، خەتەرلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ... ئۇ پەيتتە پۈتكۈل تەدبىرلەر كارغا كەلمەيدىغاندۇر ۋە ھېچكىمدىن ياردەم يوقتۇر... ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئەنە ئاشۇ پەيتتە ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىلىدۇ.

ساڭا ياردەم كېلىدىغان ھېچ قانداق يەر يوق، ھېچكىمدىن ھەم پايدا يوق، سەن يالغۇز قالىسەن... دەل ئاشۇ دەملەردە ئاللاھقا ئىشىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسەن ۋە بۇنى چۈشەنگىنىڭدە ئىنتايىن مۇھىم بىر نەرسىنى چۈشەنگەن بولىسەن... دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر چۈشەنگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولىسەن ۋە ئاشۇ پەيتتە ساڭا ئىنتايىن كاتتا بىر نېئمەت بېرىلگەن بولىدۇ...

تەۋەككۇل قىلىش قېيىن ۋە ئۇ قېيىن پەيتلەردە ئۆگىنىلىدۇ. ئەمما ئۇنى ئۆگەنگەن پەيتتە ئاجايىپ شېرىن بىر لەززەت ئالىسەن.

ئاللاھقا ئىشىنىشنىڭ، ئاللاھقا يۆلىنىشنىڭ لەززىتى ھېچ نەرسىدە يوق... ئۇ پەيتلەردە ساڭا ھېچبىر يەردىن ياردەمنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس... پەقەتلا ئاللاھقا يۈزلىنىسەن ۋە شۇ ھامان ئۆلۈغ بىر كۈچنى ھېس قىلىپ يېتىسەن...

سەن تەۋەككۇلنى ھەقىقىي ئۆگەنگەن ئاشۇ دەملەردە بۈيۈك بىر بەختىيارلىق ھېس قىلىسەن ۋە ئۆزۈڭنى ئىنتايىن بىخەتەر ھېس قىلىسەن. خۇددى سېنىڭ ئارقاڭغا بىر تاغنى ئاتا قىلغاندەك، سېنى ھېچكىمنىڭ يىقىتالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن ۋە پۈتكۈل دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلالايسەن...

چۈنكى سەن ئۇ پەيتتە تەۋەككۇلنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنىدىڭ، ئاللاھنىڭ كۈچىنى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلغانىدىڭ، ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن ياردەم كەلمەيدىغانلىقىنى ھەم ھېس قىلىپ يەتكەنىدىڭ، شۇنداقلا ئۇ خالىمىغىچە ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتكەنىدىڭ...

ھەتتا بۇ ئىشنىش ئېشىپ شۇ دەرىجىگە بارىدۇكى، ئەتراپىڭدا ساڭا ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى ۋە كۈچى بار ئىنسانلار بولسىمۇ ئىشىڭغا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىنى خالىمايسەن!!!... ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغۇڭ كەلمەيدۇ! چۈنكى سەن تەۋەككۈلنىڭ لەززىتىنى ئالغان ئىدىڭ...

مۇنداق بىر لەززەت ئىنتايىن ئاز ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئاز ئىنسانغا بېرىلىدىغاندۇر.

بىر كۈنلەر كېلىپ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالساڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرمۇ بەندىسى ساڭا ياردەم قىلالمايدىغان بولسا، دەل بۇ پەيتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلىشنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەيسەن.

يەنە شۇنداق رېئاللىقلارمۇ بولۇپ قالىدۇكى، سەن يالغۇز، بىرمۇ ياردەمچىڭ يوق، قارشىڭدا ئىنتايىن كۈچلۈك بىر دۈشمەن بار. ئەمما سەن كۆڭلۈڭنى ھېچ يېرىم قىلمايسەن؛ چۈنكى ئاللاھ تائالا ساڭا تەۋەككۈلنى ئۆگىتىۋاتىدۇ... ئەتراپىڭدىن پۈتۈن نەرسىنى يوق قىلىۋاتىدۇ ۋە خۇددى "ئى بەندەم! قارىغىن، ھېچكىم يوق، بىر مەنلا بار. قارىغىن، ھېچكىم ساڭا ياردەم قىلالمايدۇ، ماڭا يۈزلەنگىن" دەۋاتقاندەك...

يەنە ئاللاھ تائالا بۇلار ئارقىلىق ساڭا بەندىلەردىن بىر نەرسە كۈتمەسلىكنى، ئۇلارغا بەل باغلىماسلىقىڭنى ئۆگەتمەكچى ۋە يالغۇز بىر ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىشىڭنى ئۆگەتمەكچى ۋە دەل مۇشۇنداق بولغاچقىمۇ سەن دۇچ كەلگەن ئاشۇ ئىشنى مۇشۇ شەكىلدە بېشىڭغا كەلتۈرگەندۇر...

ئاللاھ تائالا بۇلار بىلەن ساڭا ئۆزىگە ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋەككۈل قىلىشنى ئۆگەتمەكچى ۋە دەرىجەڭنى كۆتۈرمەكچىدۇر. سەن بۇلار بىلەن خۇش بولغىن، خۇش بىشارەت ئالغىن...

# كىتش

قىشتا باھارنى،
باھاردا قىشنى سېغىنار ئىنسان،
نە يىراقتا ئاڭا ئىنتىلەر،
ۋىسالغا يەتمەك شەرتمىدى؟
قويۇپ بەر، مەيلى كەتسۇن،
بەزى نەرسلەر يوق چېغىدا گۈزەل...
تونۇغانچە بىر بىرىمىزنى،
يالغۇزلىقىمىز گۈزەللىشەر...

باشلانمىسچۇ دېگۈم كەلمەس،
قىسقا لېكىن بەختىيار كۈنلەر،
ئەي جېنىمنىڭ ساھىبى يار!
ھەمراھلىقىڭدا ئۆتسىلا ئۆمۈر،
يوقاتتقانلار يۈرەكنى قانداقمۇ ئەزەر!؟

بەخۇاش كۆڭۈل !
قىلما غەلۋە، بولدى بەس!
سۆيمىگەنلەر بولمىسۇن پەۋەس،
بىلىپ تۇرۇپ كەلمەيدىغاننى،
كۈتۈش يەنە كۈتۈشلەر،
ئەخمەقلىق ئەمەس،
بەلكى مۇھەببەت...!

راستمۇ يارنىڭ كېچىپ كەتكىنى؟
دەيمۇ بۇنى ياكى قاچقىنى؟
كۈنلەر ئايلىنار، دىللار قايتىلار،
كېتىشدە قويغىنى بىلەن،
كەلگىنىدە تاپقانلىرى،
ئەسلا بىر بولماس،
ئەسلا بىر ئەمەس...

كەل چارچىغان يۈرەك!
كېتەيلى بىز،
ياراتقۇچىدىن باشقىسى
بىزنى چۈشەنمەس...

# نېئمەتلەر سېلىشتۇرمىسى

ھاياتى دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بەزىدە ئىنسانىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ نېئمەت سۈپىتىدە مۇشۇ دۇنيادىلا تولۇق ھەل قىلىنىپ بېرىلگەنىدەك ھېس قىلىپ قالىمىز.

قۇرئان كەرىمدە، ئىنسان ھاياتى دۇنيادا مۇھىم بىلىپ كېتىپ، بۇلار سەۋەبلىك ئېزىپ كېتىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولغان بۇ بىر قاتار نېئمەتلەرگە خۇددى جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ۋەدە قىلىنغان ياكى ئاخىرەت ئالىمگە مەنسۇپ بىر قاتار نېئمەتلەرنىڭ قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئۆرنەكلەر ئارقىلىق تېخىمۇ رۇشەن ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن:

-ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە كۆپىنچە ھاياتتا بولغان ھېرىسمەنلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسى بار. ئەمما ئاللاھ تائالا دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئۆز يولىدا جېنى ۋە مېلىنى پىدا قىلىشقا چاقىرىدۇ؛

-ئايال بەندىلەر دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا نېئمەتلەردىن بولۇش بىلەن بىللە ئۆز نۆۋىتىدە كاتتا سىناقلارنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ئۇلارغا بېرىلىپ كېتىپ غەپلەتتە قېلىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەتتىكى شەھلا كۆزلۈك ھۆرى-ئەيىنلەرگە چاقىرىدۇ؛

-بۇ سىناق دۇنياسىدا ياپپېشىل كاتتا داچا ئۆيلەردىن تارتىپ، ئاددىيغىنە كەپە-كۇلبىلەرگىچە تۇرالغۇلار بار. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئۆي-جاي، تۇرالغۇ بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەتتىكى ھەشەمەتلىك ئالىي قەسىرلەرگە چاقىرىدۇ؛

-دۇنيادا ئىنسانغا ھەر تۈرلۈك تائام، يېمەك-ئىچمەكلەر ئاتا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ تائالا بىزنى قورساق غېمى بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەتتىكى كۆز كۆرۈپ باقمىغان ۋە قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان نازۇ-نېئمەتلەرگە چاقىرىدۇ؛

-كىيىم-كېچەكلەر ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىدىن بولۇپ، كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بىزنى مۇدا قوغلىشىپ ۋە زېبۇزىننەتلەر كىيىم-كېچەككىلا مەركەزلىشىپ مەشغۇل بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەتتىكى ئالىي يىپەك كىيىم-كېچەكلەرگە چاقىرىدۇ؛

-دۇنيادىكى مال-مۈلۈكلەر بىزگە ۋاقىتلىق بېرىلگەن ۋە ئامانەتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىمىزنىڭ بولمىغان نەرسىلەرنى توپلاش بىلەن غەپلەتكە چۈشۈپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مەڭگۈلۈك جەننەتتىكى مۇئمىن كىشى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالايدىغان مال-مۈلۈكلەرگە چاقىرىدۇ؛

-ھاياتى دۇنيادا كۆپىنچە ئىنسانلار ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن مەرتىۋە تالىشىش ئۈرۈشى ئىچىدە ياشايدۇ. ئاللاھ تائالا بولسا بىزنى بۇ قىسقىغىنا، ساختا مەرتىۋىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەتلەردىكى ھەقىقىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەسلىشىشكە چاقىرىدۇ.

-خاتىرجەملىك، ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ نېئمەتلەرنىڭ بىرى. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇ ۋاقىتلىق خاتىرجەملىك سايىسىدە قىيامەت كۈنىدىن غەپلەتتە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەمىشە داۋاملىشىدىغان، ھەقىقىي خاتىرجەملىك يۇرتى بولغان جەننەتكە چاقىرىدۇ؛

-كۆپىنچە كىشىلەر ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا يۈگۈرۈپ، يالۋۇرۇشىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي رەۋىشتە ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچىنىڭ پەقەت ئۆزىلا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، بەندىنى دۇئا قىلىپ ئۆزىدىن ھاجەتلىرىنى سوراشقا چاقىرىدۇ...

# يالغۇزلۇق ھېكايىسى

ئاجايىب بىر يالغۇزلۇق ھېكايىمىز بار. ئەتراپىمىزدا يۈزلىگەن كىشلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، بەزىدە ئۆزىمىزنى يەنىلا يالغۇز ۋە چارىسىز بايقايمىز. ھەتتا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان كىشلىرىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقمۇ بىزنىڭ "ھېسابنى يالغۇز بېرىدىغان" لىقىمىزدەك قورقۇنچلۇق ھەقىقەتنى ھېچ ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ...

شۇنداق، سۆيگەنلىرىمىز بولدى، بىزنى سۆيگەنلەر بولدى. كەتكەنلەر بولدى، قايتىپ كەلگەنلەر بولدى؛ كېتىپ كەلمىگەنلەر بولدى. تۇغۇلغانلار، ئۆلگەنلەر بولدى. قۇياش بىر كۆرۈنۈپ، بىر غايىب بولدى. ساقىغان يۇلتۇزلار تىلەكلىرىمىزگە چىراغ بولدى.

بىر زامانلار ئىزھار قىلىنغان دەبدەبىلىك يېقىنچىلىق ۋە سۆيگۈلەر بىر كۈنلەر كېلىپ بىزگە يەنىلا يالغۇز ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇرمىدىمۇ؟ قەلبىمىز دوستلارنىڭ مۇھەببەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن دەملەردىمۇ ئۇ پەيتلەرنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى بىردەم بولسىمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويالىدۇقمۇ؟ گۈزەل دەقىقىلەر تۈگەپ كەتمىسكەن دەپ خاتىرە رەسىملەرگە چۈشۈشكە ئۆزىمىزنى ئۇرمىدۇقمۇ؟ كۈندە بەش قېتىم ۋە ئالقانلىرىمىزنى ئېچىپ يىگانە زاتقا يىلىنىپ دۇئا قىلىشۋاتقىنىمىزدا يالغۇز ئىكەنلىكىمىزنى، ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن باشقا ھېچكىمىز يوقلۇقىنى قەلبىمىزنىڭ تەكتىدىن سېزىپ تۇرمىدۇقمۇ؟...!

يىقىلىپ چۈشسە "ئاغرىمىدى" دەپ تۇرىۋالىدىغان باللارغا ئوخشاش ئازاپلىرىمىزنى يوشۇرماقچى بولىمىز. چۈشلىرىمىز گويا يىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەن شارلارغا ئوخشاش غايىب بولغىنىدا يەنە بىر قېتىم يالغۇزلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز...

كىشلەرنىڭ بىزنى چۈشەنمىگەن پەيتلىرى بولىدۇ، ھەتتا تامامەن خاتا چۈشەنگەن ۋاقىتلىرى ھەم بولىدۇ. ئۆزىنىمۇ چۈشەنمىگەنلەرگە ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بىز كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، مۇھەببەت بېغىشلىغان، پىداكارلىق ئىشىكلىرىمىزدىن ئاخىرغىچە كىرىپ كەلگەن ئىنسانلار، كىچىككىنە بىر نۇقتىغا كىرىشىۋېلىپ بىزنى ئۇنتۇشى مۇمكىن؛ بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق پەيتلەردە ئەڭ سۆيگەن كىشلىرىمىزنىمۇ يېنىمىزدا تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن. ھەتتا ئەڭ ئىشەنچ قىلغان كىشلىرىمىز بىزنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، قەلبىمىزدە تاتۇقلارنى قالدۇرۇشى مۇمكىن. ھەر قەلبنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى بار؛ بۇ ۋەزىننى يەنە بىر قەلبنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭالىغۇدەك ماجالى بولمىسا، بىزنىڭ يالغۇزلۇق ھېسلىرىغا ئەسىر بولماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئۇ قەلبتە قانداقمۇ ئەبەدىيلىشەلەيمىز؟!

بۇلار بىر يالغۇزلۇق ھېكايىلىرى...

ئەمەلىيەتتە ئەڭ چوڭ خاتالىقىمىز ئۆتكۈنچى، پانىي شەيئىلەرنى "ئۆ مېنىڭ بارلىقىم" دېيىش بولدى. بىر ئىنساننى، بىر نەرسىنى، بىر ماكاننى "مېنىڭ ھەممە نەرسەم" دېگىنىمىزدە، ئۇنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن تەڭ قولىمىزدا "ھېچ نەرسە" قالمىغان بولدى...

قىسقىسى، دۇنيادا ئىنسانغا دائىر نېمىلا بولسا ھەممىشە بىر يېنى يېرىم، بىر تەرىپى كەم... ئەمما شۇنداق بىر ھەقىقەت بار: ھەقىقەتەن ئىنسان ئىنسانغا يەتمەيدۇ؛ ئەمما ھاياتىغا مەنا قوشالايدۇ...

بۇ بىر يالغۇزلۇق ھېكايىسى، ئەمما مەنىلەرگە توشاق؛

بۇ بىر يالغۇزلۇق ھېكايىسى، دەرتلىك ئەمما غۇرۇرلۇق...

# "ئۆ" نىڭغا تايىشۇرۇلغان ئىشلار

قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. يەنە سۆزلەشكە تېگىشلىك ۋە ئاڭلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى... لېكىن كۆزلەر ئالاقىزادىلىك بىلەن تىنماي "ئۆ"نى، نامەلۇم بىرىنى ئىزدەيتتى.

قىلىدىغان ئىشلارنى "ئۆ" قىلىشى كېرەك ئىدى؛ قىلىنىدىغان سۆزلەرنى "ئۆ" سۆزلىشى كېرەك ئىدى... تۆكىدىغان تەرلەر، قىلىنىدىغان سەۋىرلەر بار ئىدى؛ يېتىشقا تېگىشلىك نىشان، تارتىشقا تېگىشلىك مۇشەققەتلەر بار ئىدى.... شۇڭىنىسى كۆزلەر ھەمىشە "ئۆ"نى ئىزدەيتتى.

ھەممەيلەن "ئۆ" لا دېيىشەتتى؛ ئاربىدىن بىرەرسىنىڭ تىلى 'مەن" دېيەلمەيتتى؛ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ ئۆزىگە قارىتالمايتتى.

ئەمەلىيەتتە راست شۇنداقمىدى؟! ياق! مىڭلارچە ياق.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تىللىرى تازا ئۇبدان "مەن" دېيەلەيتتى؛ گەپ ھوزۇر-ھالاۋەتكە، ئويۇن -تاماشاغا، مال - ماتالارغا، زىبۇ-زىننەت، مەنسەپ-تامالارغا كەلگەندە چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلغان ۋە كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىغان ھالدا ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ "مەن" دېيەلەيتتى؛ ئۆزىگە قاراشقا ئۇنىمىغان بارماقلىرىنى تۆگۈپ تۇرۇپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشەلەيتتى.

"ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر" (قىيامەت : 20-21)

ھالبۇكى، ئىنفاق قىلىشقا تېگىشلىك ماللار بار ئىدى، تاشلاپ چىقىدىغان مەرتىۋە-ماقاملار بار ئىدى، چارچايدىغان بەدەنلەر بار ئىدى؛ دەل ئەنە ئاشۇنداق پەيتلەردە، سۆزلىنىۋاتقان جۈمللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا "مەن" يوشۇرۇلۇپ قويۇلاتتى-دە، قايغۇلۇق كۆزلەر ۋە تاتارغان يۈزلەر بىلەن يا ئۇ سۆز تەلەپپۇز قىلىناتتى يا تەلەپپۇز قىلىنمايتتى...

ئەينى ۋاقىتتا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىشقا ئۆزىدىنمۇ ئېغىر تاشنىڭ ئاستىدا ئېڭراپ ياتتى؟ سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا نېمە ئۈچۈن نەيزە تىقىۋېتىلدى؟ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدچۇ؟ نېمىشقا تاياق يېدى؟ چۈنكى ئۇلار "ئۆ" ئەمەس بەلكى "مەن" دېيىشكەنىدى!... ناۋادا "ئۆ" دەپ ئولتۇرغان بولسا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن كىشىلەر قاتارىغا كىرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى، يەنە "ئۆ" دەپ تۇرغان بولسا بەلكىم تارىختا "ساھابە" دەپ ئىسىملىرىنى ئويۇپ، ئەبەدىيلىشەلمىگەن بولار ئىدى.

شۇنداق، ئۇلار "ئۇ" دېمىدى. چۈنكى ئۇلار ياخشىلىق يولىدىكى مۇسابىقىنىڭ ئەڭ كاتتا مۇسابىقە ۋە بۇ مۇسابىقىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇكاپاتىنىڭ ئەڭ كاتتا مۇكاپات ئىكەنلىكىنى بىلەتتى...

"پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار" (ئالئىمران : 133)

شۇنىسى بىر ھەقىقەت: ھەر بىر شەخس مۆرىتى كەلگەندە "مەن" دەپ، سۆيگەن ۋە كۆنگەن نەرسىلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ، "ئۇ"نىڭغا تاپشۇرۇپ كەلگەن ئىشلارغا كۆكرەك كېرىپ، ئۇلارنى قولىغا ئالمىغۇچە، ئاغرىنىش ۋە زارلىنىشلارنىڭ ئەھمىيىتى يوق؛ تۇۋۇلانغان شوئارلارنىڭ، قىلىنغان دەبدەبىلىك "ۋەز-نەسىھەتلەر"نىڭ مەنىسى يوق .

# ئاچچىق ھېسلار ۋە باھار سەۋداسى

مەن مۇشۇنچىۋالا يىل ياشاپ بولدۇممۇ؟ دەپ سورىغۇسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ، سورىشى كېرەك ئىدى ئەسلىدىمۇ.

بەلكىم ھېچ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن قانچىلىغان كۈنلەرنى، قانچىلىغان نەپەسلەرنى تۈگەتكەندىمىز بىھۇدە؛

غايە بۇمىدى دۇنياغا كېلىشتىكى؟ مەقسەت بۇمىدى ياشاشتىكى؟ غايىسىز ئۆتكەن ئۆمۈردىن بىر نەرسە قالامدۇ؟

ۋاقىت تېز-تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ؛ كائىناتنى فەتھى قىلىۋاتىمىز-يۇ، قەلبلىرىمىزنى فەتھى قىلالمىدۇق.

پەسىللەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالمىشىۋاتىدۇ، ھېچبىرى ئۆزىنىڭ يولىغا ئوخشىمايدۇ؛ باھار بولىدۇ-يۇ، ئارقىسىدا بىرەر ئەسەر قالدۇرمايدۇ . ھەممە قۇرۇيدۇ، يوقىلىدۇ. باھار كەلدىمۇ كەلمىدىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ...

يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىمىزنى دۇنيا ھەلەكچىلىگى قورشىۋاپتۇ؛ تۇيغۇلار بىر بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن... قەلبلىرىمىز پەرۋەردىگارىمىزغا زارىقىپ مەيۇسقىنە بىر چەتتە بويۇن قىسىپتۇ؛ بىر نەپەس بىر نەپەستىن ھاۋا يەتمەمدۇ؟ بىر نەپەس ھاۋاغا مۇھتاج ئىنسان، ئۇ نەپەسلەرنى ھەر دائىم يارىتىپ تۇرغان زاتقا قانداقمۇ مۇھتاج بولمىسۇن...!

ئى پەرۋەردىگارىم!

سېنى ئۇنۇتقان، سېنى پىچىرلاشتىن ئۇزاقلاشقان قانچىلىغان لەۋلەر بار؟ ئۇلار گەپ قىلغان، گەپ قىلدۇرغاننىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپتۇ. قەلب مۇشۇنچىۋالامۇ يىراقلاردا قېلىپ قالارمۇ؟ قەلبلەردە بىر ھەسرەت بار يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان؛

ئى پەرۋەردىگارىم!

ئېچىلغان ئىشكىلەر سەن تەرەپكە تۇتاشمىسا، سەن تەرەپكە چىقمىسا بۇ ھەسرەت تۈگىمەيدۇ، بۇ يالقۇن ئۆچمەيدۇ...

غايە ھاياتنى مۇنداقلا ياشاپ قويۇش ئەمەس، بۇ ھاياتنى سەن خالىغان رەۋىشتە ياشاش ئەمەسمىدى؟

ئى پەرۋەردىگارىم !

ماڭا نېسىپ قىلغىن، بۇ باھاردا بۇلبۇل كەبى سايراي، گۈل كەبى خۇشپۇراق چاچاي؛ سېنى بايان قىلىدىغان بىر تىل، بىر نىدا، بىر قەلەم، بىر نەپەس بولاي... كىچىلەردە سەن بىلەن مۇڭدىشاي، سەھەرلەرنى سەن بىلەن باشلاي، سېنىڭ نامىڭنى ئەسلەش بىلەن بەختىيار بولاي؛ بۇ جاھاندا مۇبارەك نامىڭنى ئەسلەشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن قانچىلىك لەۋلەر بولسا ھەممىسى ئۈچۈن مەن ئىسمىڭنى زىكىر قىلاي...

بىر تامچە سۇنىڭمۇ ئارزۇسى پارغا ئايلىنىپ كۆكلەرگە يۈكسىلىش، ئۇ يەردە يامغۇرغا ئايلىنىپ دېڭىزلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ئىكەن، مەنچۇ؟ دۇنيادا شۇنچە يىل ياشىغان مەنچۇ؟

ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ قاغجىرىغان دۇنيا چۆلىگە سىڭىپ كېتىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن...!

سەن ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر، يېزىلغان خەتلەر ھەممىسى باشقىچە، ئۇلار ئەبەدىيلىشىدۇ... ئەلۋەتتە ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا، كۆرىدىغان كۆزلەرگە. سەن ئۈچۈن ئېيتىلغان نەشىدەلەر، يېزىلغان شېئىرلار، داستانلار... سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىش بىلەن گۈزەللىشىدۇ...

ئاجايىپ كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىۋاتىمىز-ھە! باشلانماي تۇرۇپلا كېچىلەر تۈگەۋاتىدۇ؛ كۈندۈزلەر تۈگەۋاتىدۇ... قىسقىلا داۋاملاشقان ياز كەبى ياشلىقىم تۈگەۋاتىدۇ... تۈنۈگۈن چانا تېپىلىپ ئويناۋاتقان بالا، ئەمدى بۈگۈن يوق؛ ئەمدىلىكتە ئاللىقاچان قىرانلىقنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگەن بىر مېھمانمەن.

ئى رەببىم!

قەلبىم سەندىن يىراقلاردا قالغانچە قورقىمەن، شۈركىنىمەن؛ ئەندىككەن نەزەرلىرىم بىلەن ئۆتمۈشۈمنى كۆزىتىمەن؛ ياشلىقىمنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولۇشىدىن قورقىمەن...

مەن نەلەردە يۈرىۋاتىمەن؟ كىملەر بىلەن يۈرىۋاتىمەن؟ سورىشىم كېرەك... ئارزۇلىرىمغا قانچىلىك يېقىنمەن، قانچىلىك يىراقمەن؟ سورىشىم كېرەك...

ئى پەرۋەردىگارىم!

يىللاپ يىللاپ باھارنى كۈتتۇق؛ كۆزىمىز ياپراقتا، غېمىمىز باھاردا. كۆڭلىمىز سېنىڭ نۇسرىتىڭدە... قەلبلىرىمىز سەندىن يىراقلاردا قالغاندا ئەسلا بولمايدىكەن؛ ئەسلا بولمايدىكەن...

# ھايات خەت يېزىشقا ئوخشايدۇ...

ھايات خەت يېزىشقا ئوخشايدۇ.

يازىدىغان قەغىزىڭ چەكلىك، قەلىمىڭنىڭ سياھى چەكلىك.

خەتنىڭ تېمىسى نېمە؟ يېزىلىش ئۇسلۇبىچۇ؟ سەن يېزىشنى باشلايسەن...

خاتالىق سادىر قىلىپ قالساڭ، تۈزىتىش پۇرستى بار؛ تەۋبە ئۈچۈرگۈچىسى بىلەن دەرھال ئۈچۈرسەن...

ئويناپ ئولتۇرۇپ، بىھۇدە خەتلەرنى يېزىش بىلەن، مۇددىئاسىز سىزىقلارنى سىزىش بىلەن قەغىزىڭنى تولدۇرمىغىن، مەينەت قىلمىغىن...

قەلىمىڭنىڭ سياھى تۈگەۋاتماقتا... ۋاقىت ئوقى ئايلانغانچە قەلىمىڭ يونۇلىۋاتماقتا.

ئۇنۇتمىغىنكى، سەن ئۆزۈڭنى يېزىۋاتماقتىسەن! بۇ يازغانلىرىڭ بىر كۈنى چوقۇم ئوقۇلىدۇ...

يازغانلىرىڭنى قايتا-قايتا ئوقۇشۇڭ، ئۆزۈڭدىن ھېساب سورىشىڭ كېرەك...

قەغەز ئالدىڭدا، قەلەم قولۇڭدىكى پۇرسەتتە گۈزەللىكلەرنى، ساڭا يېزىش بۇيرۇلغانلارنى يازغىن.

چۈنكى ھايات خۇددى بىر پارچە خەت يېزىشقا ئوخشايدۇ...

# راست ئىمكانىيىتىمىز يوقمۇ؟

چەتئەللەردە يۈرىۋاتقان كۆپچىلىك ئويغاق ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ھىممىتى نىسبىتىدە غايىلىرى بار. ئەمما مۇساپىرچىلىق ھاياتىدا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ "ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن" ياكى "ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن" بولغان ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى قەلبىنىڭ بەك چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈپ تاشلاۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بىلەن ئىمكانىيىتى بارلاردا ئۇنداق ئۇلۇغۋار غايە ۋە كاللا يوق، ئىمكانىيىتى يوقلاردا ھەر-ھەر چاقناق پىكىرلەر ۋە پىلان-لايىھەلەر توشاق ھالەتتە؛ ئەتراپىمدا "سەن ئۆزۈڭنىڭ غايىلىرى ئۈچۈن تىرىشمىساڭ، باشقىلارنىڭ ئۆز غايىسىغا يېتىشىدىكى قۇرالى بولىسەن" دېگەن ئاچچىق رېئاللىق تەجرىبىسىگە "قاتنىشىۋاتقان" خېلى كۆپ قابىلىيەتلىك قېرىنداشلىرىمنى كۆردۈم. ئۇلار ئۆ ئوتلۇق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى گەرچە ھەر لەھزىدە نېرۋىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ باغرىغا چىڭ‌ڭىدە تېڭىپ، لىۋىنى چىشلەپ، تىرىكچىلىك يوللىرىدا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ كېتىۋاتماقتا؛ مەن ئۇلارنىڭ قەلبى ساپ، سەمىمىي يىگىتلەر ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن...

بۇ يەردە مەن يۇقىرىقىلارغا ئالاقىدار بىر ئىشقا دىققەت تارتالىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن: ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر دەردنى بىر دەرمانى بىلەن بىللە چۈشۈرگەنلىكىدە شەك يوق؛ كىشىلەر ئارىسىدا "ئوقۇسام بۇخارادا ئوقۇيمەن، بولمىسا سېۋەت توقۇيمەن" دەيدىغان بىر سۆز بار. مەن تولاراق ھاللاردا دەردىمىزنىڭ غايىمىزگە يېتەلمەسلىكنىڭ ئىزتىراپى بولۇشتىن بەكراق "زادى بۇخارا بولۇشى كېرەك ئىدى" بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمەن.

مىسال ئالساق، سىزنىڭ ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش ئارزۇيىڭىز بار، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بىر نەچچە يىل قاتتىق ئىشلەپ پۇل يىغىپ، ئاندىن چوقۇم ئەزھەرگە ياكى ئۇممۇلقۇراغا بېرىپ ئوقۇشىڭىز شەرت ئەمەس؛ ئەگەر سىز كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى سىزگە ئاتا قىلىنغان ئەمما سىز ئۇنى تېخىچە قىممەتكە ئىگە قىلمايىۋاتقان بوشلۇقلارنى بايقاپ تولدۇرالىسىڭىز يۇقۇرىقى مەكتەپلەرگە كىرمەي تۇرۇپمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئارىسىدىن بۇ ئارزۇيىڭىزغا يېتەلىشىڭىز مۇمكىن.

ھەر بىرىمىزگە ئائىت شۇنچىلىك كۆپ نېئمەتلەر باركى، كۆپلىگەن ھاللاردا ئۆزىمىزمۇ ھېس قىلماي ھەر چوڭ بوشلۇقلار تولدۇرۇلماي قۇپقۇرۇق ۋە زايا بولۇپ كېتىۋاتقان ھالەتتە كۈنلەر ئۆتۈۋاتقان بولىدۇ. سىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىشىڭىز شۇكى، ئاۋۋال

ئۆزىڭىزگە ئاتا قىلىنغان بارلىق بوشلۇقلارنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن بايقاپ چىقىپ، ئۇنى قىممەتكە ئىگە قىلىشىڭىز كېرەك ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ھەم شۇ نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىسىز، ئاندىن كېيىن ئۆزىڭىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز يورۇق ھالدا، ئىشەنچ بىلەن : "ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئىمكانىيىتىم دائىرىسى ئىچىدە سەن ئاتا قىلغان بارلىق بوشلۇقلاردىن تولۇق پايدىلاندىم، ئەمدى مەن سېنىڭ ماڭا باشقا تېخىمۇ ئالىي بوشلۇقلارنى ئاتا قىلىشىڭغا مۇھتاجمەن" دەپ سورىيالايسىز ۋە ئاللاھ تائالامۇ "نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن" دېگەن ۋەدىسى بىلەن يېڭى-يېڭى نېئمەت ئۇپۇقلىرىنى سىزگە ئاچىدۇ.

ئەكسىچە نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلەرنى زىممەمگە ئالىمەن دەپ ياشاۋاتقان سىزدەك ھىممەت ئىگىلىرىگە، بېرىلگەن نېئمەتلەرنى تولۇقى بىلەن ئېنىقلىماي، پايدىلانماي تۇرۇپ، ئىمكانىيىتىم يوق ياكى يار بەرمەيۋاتىدۇ دەپ ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇش ياراشمىغاننىڭ ئۈستىگە، بۇ پوزىتسىيە ھاياتىڭىزنى، زېھنىڭىزنى خورىتىشتىن باشقا ئۆزىڭىزگە تەسەللىي بېرىپ ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشىڭىزگىلا يارايدۇ خالاس.

ئاللاھ تائالا "تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار" دەيدۇ. بىز "تاقەت يەتكۈچە" دېگەننى "تاقىتىمىز تۈگىگىچە" دەپ ئۆزىمىزگە تەدبىقلىيالىساق ئاندىن ئەسلىدە ئىمكانىيىتىمىز يېتىدىغان يېڭى-يېڭى تاقەتلىرىمىزنى بايقاپ چىقالىشىمىز مۇمكىن.

# غەمناك ۋە نائۈمىدلەرگە

يۇسۇف سۈرىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋە ئايالى خەدىجە ۋاپات بولۇپ، قايغۇ يىلى دەپ ئاتالغان ۋاقىتتا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمدىكى بىردىنبىر ئۆزئۆلمەي تولۇق ئېيتىلغان سۈرىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ سۈرە توغرىسىدا "بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز" دېگەن.

سۈرە يۇسۇف ھەقىقەتەن ئەدەبىياتشۇناسلار، بولۇپمۇ ھىكايە ئىلمىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك چۈش بىلەن باشلىنىپ، چۈشنىڭ تەبىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاياغلاشقان ئەڭ گۈزەل سۈرىدۇر!

قىسسىدىكى ھېكمەتلەردىن:

***يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكى***

-قېرىنداشلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشلىتىلگەندى، ئۇلارنىڭ خىيانىتىگە دەلىل بولدى.
-كېيىن يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە ئەزىزنىڭ ئايالىدىن پاك ئىكەنلىكىگە ئىشلىتىلگەندى، پاكلىقىغا دەلىل بولدى.

-كېيىن خۇش بىشارەت سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندى، ئاللاھ يۇسۇفنىڭ ئاتىسىنى قايتىدىن كۆرەلەيدىغان قىلىپ بەردى.

بۇ قىسسە قۇرئاندا پەقەتلا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش مەقسىتىدە كەلگەن ئەمەس. قىسسىنىڭ باش تېمىسى قىسسىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ: "كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ."

دېمەك، قىسسىدىكى ئۈچ مەركىزى نۇقتا:

-ئاللاھنىڭ تەدبىرىگە ئىشەنگىن.

-سەبىر قىلغىن.

-ئۈمىدسىزلەنمە.

دىققەت قىلساق، قىسسە ئاجايىب ئۇسلۇبتا راۋاجلىنىدۇ، باشلىنىشىدا ياخشى بىلىنگەن نەرسە نەتىجىدە يامان بولۇپ چىقىدۇ، بەزىدە بولسا ئەكسىچە!

-يۈسۈپنى دادىسى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ياخشىلىق ئىدى؛ بۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ نەتىجىسى بولسا قېرىنداشلىرىنىڭ بولسا قۇدۇققا تاشلىنىش بولدى.

-قۇدۇققا تاشلىنىشى يامانلىق بولسا، نەتىجىدە ئەزىزنىڭ قەسرىدە ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشتى.

-ئەزىزنىڭ ئۆيىدە ئىززەتلىنىشى ياخشىلىق بولسا، نەتىجىدە يۈسۈف تۈرمىگە قامالدى.
-تۈرمىگە قاملىشى يامانلىق بولسا، تەتىجىدە يۈسۈف مىسىرنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىدىن بولدى.

بۇنىڭدىكى مەقسەت:

-ئى مۇئمىن! دىققەت قىلغىنكى، ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى سېنىڭ ئەقلى- ئىدراكىڭدىن ئۈستۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى كېيىنلىكىڭ ئۈچۈن مالال قىلغۇچە ئۇنى ياراتقۇچىسىغا تاپشۇر، ياراتقۇچىسى ئىلمى ۋە ھىكمىتىگە يارىشا خالىغىنىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

-ئەگەر مۇشكۇلاتتا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا يولۇقساڭ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ھىكمەتنى چۈشىنەلمىسەڭ، ئۈمىدسىزلەنمە ۋە يوقۇتۇپ قويغانلىرىڭغا قايغۇرۇپ كەتمە. بەلكى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا ئىشەن، ئاللاھ ئالەملەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ئىشلارنى ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.

شۇنداقلا يەنە كىشى بىر ئىشلارغا ئالدىراپ خوش بولۇپ كەتمىگۈلۈك. ئىشلار كۆرۈنۈشتە رەھمەت، نەتىجىدە ئوقۇبەت بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا كۆرۈنۈشتە خاپىلىق، نەتىجىدە خۇشاللىق بولىشىمۇ مۇمكىن.

ئەجەبلىنەرلىكى بۇ سۈرىدە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرى سۆزلەنمەيدۇ، بەلكى سۈرە غافىردا سۆزلىنىدۇ.

سۈرە يۈسۈفتە بولسا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىق ئىپادىسى ئەكس ئېتىدۇ. كىچىكلىكىدىنلا ھاياتىنىڭ مۇشەققەتلىرىگە يۈزلەنگەن يۈسۈفنىڭ قانداق نىجات تاپقانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىزگە:

-يۈسۈف مۆجىزىلەرنى ئەكەلمىدى، بەلكى ئاددى ئىنسان ئىدى، ئاللاھدىن قورققانلىقى ئۈچۈن نىجاتلىق تاپتى دېمەكچىدۇر.

-ئۇ سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بارلىق ياشلارغا ياكى ئىشسىز قالغانلارغا ۋەز- نەسىھەتتۇر.
-ئۇ بارلىق نىجاتلىق ئىزدەۋاتقان، ئەمما قاتتىق قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئۈمىد ئەلچىسىدۇر.

**بۇ سۈرە ئۈمىدسىزلىك توغرىسىدا ئەڭ كۆپ توختالغان سۈرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

**-"ئۇلار (بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن بىرسىنى ئېلىپ قېلىشقا يۇسۇفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن" 80-ئايەت**

**-"ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ" 87-ئايەت**

**-"ھەتتا پەيغەمبەرلەر(قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى" 110-ئايەت**

**ئى مۇئمىن! ئۇ خۇددى ساڭا: ئاللاھ ھەممىگە قادىر تۇرسا، نېمىگە ئۈمىدسىزلىنىسەن؟- دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ سۈرە قايغۇ يىلى دەپ ئاتالغان، ئەڭ ئېغىر ۋە تارچىلىق كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىش ۋە مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە نازىل بولغاندۇر. بۇ سۈرە خۇددى ئۆلىمالار ئېيتقىنىدەك: "غەمكىن كىشى ئوقىسا شۇئان خۇشاللىق بېغىشلىغۇسىدۇر".**

# ئۆلارنىڭ ھىممىتى

ساھابىلاردىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 30 يېشىدا ئىمان ئېيتتى، 36 يېشىدا ۋاپات بولدى؛ پەقەت ئالتە يىللا ئىسلامغا كۆڭۈل بېرەلىدى، مال-مۈلكىنى، ئىلىكىدە نېمە بولسا بارىنى دىنىنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇ ۋاپات بولغىنىدا رەھمانىنىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى ۋە نامىزىغا 70 مىڭ پەرىشتە ھازىر بولدى...

"نەچچە يىل بولدى يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ باقمىدىم" دېگەن ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ 45 يېشىدا ۋاپات بولدى؛ ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ بەت سانى ھېسابلانغاندى، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ھەر بىر كۈنىگە سەككىز بەت توغرا كەلدى. "ئەربەئىين" ئىسىملىك قىرىق ھەدىس كىتابى ھېلىھەم قولىمىزدا...

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ بىر كېچىدە مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلغان 200 مەسىلىگە چارە تاپاتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ ئىككى يىلدا 100 يىللىق ئىشلارنى قىلالىدى...

سىبەۋەيە نەھۋى ساھەسىدە "ئەل كىتاب" ئىسىملىك مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىگەن ئالىملار ئۇنىڭ بۇ كىتابىغا شەرھى يېزىشتى، مەجلىسلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلەشتى...

پەرۋەردىگارىمىز نېمىدېگەن گۈزەل ئېيتقان ھە:

"سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شەك - شۈبھىسىز خىلمۇخىلدۇر" (لەيل:4)

خوش، ئۇنداقتا بىزچۇ؟

# گۈزەل ئەسلىمە ۋە ئۇنتۇلغان ۋەدىلەر

سەن ھەقىقىي تۇردە ئىمانىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن ۋە لەززىتىنى تېتىغان ئاشۇ كۈنلەر ئېسىڭدىمۇ؟ سېنىڭ نەزىرىڭدە ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسە ئاجايىپ بىر گۈزەللىككە تولغانىدى، پۈتكۈل مەۋجۇدات ساڭا ئاللاھنى ئەسلىتەتتى، ئۆزۈڭ تاللىغان بۇ يولغا بولغان سۆيگۈڭ ۋە پىداكارلىقىڭنى ئىپادىلەپ تۇراتتى...

سېنىڭ يەنە دۇنياغا تېگىشمەيدىغان قېرىنداشلىرىڭ بار ئىدى؛ "بىر قورساق قېرىنداشىمدىنمۇ چارە!" دەيتتىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بارلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتىڭ. يەنە تېخى قولۇڭدىن ھېچ چۈشۈرگۈڭ كەلمەيدىغان نۇرغۇن كىتابلىرىڭمۇ بار ئىدى...

قېرىنداشلىرىڭ ئارا قىلىدىغان دەرسلىرىڭچۇ تېخى؛ ھەر قېتىملىق دەرسنى خۇددى ھېيت بولىدىغان ئەتىنى كۈتىدىغان بالىلاردەك تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان بىلەن كۈتەتتىڭ... رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگەنگەن ئاشۇ ۋاقىتلارمۇ ئېسىڭدىدۇ؛ ئاشۇ دەملەردە ئۆزۈڭنى گاھىدا ئاتقا مىنىپ بەدىردە، ئۇھۇدتا يۈرگەندەك ھېس قىلساڭ، گاھىدا خەبباب بولۇپ، قىززىق قۇملارنىڭ ئۈستىدە ياتاتتىڭ، يەنە بەزىدە بىلال بولۇپ، قورسىقىڭغا قويۇلغان ئېغىر بىر تاشنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلاتتىڭ...

ئۇ چاغلاردىكى دۇنيا سېنىڭ نەزىرىڭدە قېيىنچىلىقتا تولغان، سېنىڭ ياردەم قىلىشىڭنى كۈتىۋاتقان زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ۋە ئاجىز ئىنسانلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئازاپلىرىنى يۈرىكىڭدە ھېس قىلىپ تۇراتتىڭ...

سەن بەزى سىنلارنى قايتا-قايتا كۆرۈپ ئاز يىغلىمىغانمىدىڭ؟ قانچىلىغان ماقالە ۋە كىتابلارنى كۆز ياشلىرىڭ بىلەن، دۇئالار بىلەن ئوقۇپ تۈگەتمىگەنمىدىڭ؟!... چىن يۈرىكىڭدىن چىقىرىپ قانداق دۇئالارنى قىلىپ كېتەتتىڭ ئېسىڭدىمۇ؟... سەن "ئى ئاللاھ!" دېگەن شۇ پەيتلەردە گويا پۈتكۈل دۇنيا توختاپ قالاتتى؛ سەن ئەلەمدىن"ئاھ!" دەپ تولغىنىپ ئۆز كۆكسىڭگە مۇشت ئۇرغان شۇ پەيتلەردە ئاۋۋال يۈرەكلىرىڭ، ئاندىن پۈتكۈل كائىنات تەۋرەپ كېتەتتى...

بۇ يولدا سەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىنسا " مانا مەن تەييار، جېنىم پىدا!" دەپ تۇراتتىڭ، بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالغىنىڭدا خۇشاللىقىڭدىن قەدەملىرىڭ يەرگە تەگمەي قالاتتى. بىرەر قېرىندىشىڭ بىلەن ئەھدىلەشكەن، ۋەدىلەشكەن پەيتلەردىكى خۇشاللىقىڭ ھېلىھەم ئېسىڭدىدۇ؛ "خالىساڭ ئېتىڭنى دېڭىزغا ھەيدە، بىز كەينىڭدىن ئەگىشىمىز" دېگەن ساھابىلارنى تۇنجى قېتىم دەل ئاشۇ چاغدا چۈشەنگەنىدىڭ...

نېمىدىگەن گۈزەل چاغلار ئىدى ئۇ ھە؟!... بۇ قىسقىلا ئەسلىمىلەر ئۇ دەۋرلەرنى پۈتكۈل شېرىنلىكى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە يېتەتتىمۇ؟

خوش، ئەمدىچۇ، بىرەر نەرسە ئۆزگەردىمۇ؟

ئىسلام ئادالىتى تىكلىنىپ، مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ-زارى، ئاجىزلارنىڭ كۆز ياشلىرى تۈگىدىمۇ؟ كافىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىپپەتلىك ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامى ئېلىندىمۇ؟ ئەينى چاغلاردا يۈرىكىڭ بىللە سوقىدىغان ئاشۇ مەزلۇملار ھازىر كۈلىشۋاتامدۇ؟ ئەينى چاغلاردا سەن ھەر قارىغىنىڭدا يۈرەكلىرىڭ ئۆرتىنىپ كېتىدىغان ئاشۇ يېتىملار، مەھكۇم باللار ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتتىمۇ؟

ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۆزگەرگەچكە سەنمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟! ھەر ئېسىڭگە كەلگىنىدە سەن تېپىرلاپ ئورنۇڭدا تۇرالماي قالىدىغان، سېنى يىغلىتىدىغان ھەمشىرىلەرنى ئۇنتۇلدۇرغان نەرسە نېمە؟ سەن ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ ئالدىدا، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا بەرگەن ۋەدىلەرنى ئەسلەپ باقمىغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولۇپ كەتتى-ھە؟ ئاشۇ ۋاقىتلاردىكىدەك ئىچ-ئىچىڭدىن يىغلاپ باقمىغىلى قانچىلىك بولدى؟... ساڭا ئېھتىياجى بولۇۋاتقان قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ دۇئا قىلىپ باقمىغىنىڭچۇ؟

ياكى سەن غايىپتىن "بولدى سەن ۋەزىپەڭنى تۈگەتتىڭ، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى" دېگەن بىرەر نىدانى ئاڭلىغاچقىلا بۇ يولدا سەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىنسا چىرايلىرىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ، قىلماسلىق ئۈچۈن مىڭبىر باھانىلەرنى قاتار تىزىۋېتىپ بارامسەن؟ ياكى "سەن ئاللاھنىڭ دوستلىرىدىن ھېسابلىنىسەن، ساڭا ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم قىلىش يوق" دېيىلگەچكە "ھەر كىشى ئۆزىنى بىلسۇن" دەپ، ساڭا نەسھەت ئاڭلاش بۇنچىۋالا ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟

ئىلگىرى خەلقىڭنىڭ ئاھۇ-زارلىرى بىلەن غەمكىنلىك ئۆكسۈپ قالمايدىغان چېھرىڭنى، ئويچان كۆزلىرىڭنى ئەمدىلىكتە ساختا كۈلكىلەر ئاپتۇ؛ ئىلگىرىكى ھەسرەتلىك ۋە جىددى پوزىتسىيەلىرىڭنى شۇئان ھەر ئىشنى چاقچاققا بۇراپ، ھەييارلارچە مۇئامىلە قىلىشلىرىڭ ئاپتۇ...

نېمە بولدى؟ ئىشلار يەڭگىللەپ قالدىمۇ ياكى سېنىڭ قەدىر-قىممىتىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتامدۇ؟

ئاڭلىسام ئۆي سېتىۋالماقچى بولۇپسەن؛ تېخى دېڭىز مەنزىرىلىك، ساياھەتكە ئەپلىك بولۇشى كېرەكمىش؛ يەنە ئۆينى قانداق زىننەتلەشنىڭ، ۋەتەننىڭ سەرەمجانلىرىنى ئېچىقتۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىۋېتىپسەنمىش. باشتا ھەيران بولدۇم! ئەجىبا ئەينى چاغلاردا " بىزگە جەننەتنىڭ سارايلىرى يېتىدۇ، دۇنيالىق ئۆيلەر ئۆلارنىڭ بولسۇن"، " مۇنداق مۇنداق ئۆيلىرىم بولسا ھەر بىرسىنى ئىسلامنىڭ مۇنداق مۇنداق ئىشلىرى ئۈچۈن

ئىشلەتسەم" دەپ ھەسرەت چېكىدىغان قېرىندىشىم، ئەمدىلىكتە بۇ كۆڭلىرىمىزگە ھېچ ياراشمايدىغان غەم ۋە ئارزۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ؟!

قېنى، نەدە ئۇ كۆزۈڭ ياشقا تولغان ھالدا ئۆزۈڭگە ۋە پەرۋەردىگارىڭغا بەرگەن ۋەدىلەر؟...!

ئەينى ۋاقىتتا سېنى سەن قىلغان پۇتكۈل قىيىنچىلىقلار ھېلىھەم ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ، ئەمما سەن يوق... قېرىنداشلىرىڭ ھېلىھەم مۇشەققەت چېكىۋاتىدۇ، قىيىنچىلىقلار ھېلىھەم داۋام ئېتىۋاتىدۇ. سەن نەلەردە يۈرىۋاتىسەن؟ قەلبىڭنى ئايرىپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى، ئەمدى ھېچبولمىغاندا جىسمىڭنى بولسىمۇ قېرىنداشلىرىڭدىن ئايىمىغىن...

ئەزىز قېرىندىشىم !

سېنى خاتىرجەم ياشيالىسا دەپ مۇجاھىدلار مەيدانلاردا، ئۇستازلار تۈرمىلەردە، دەۋەتچىلەر سۈرگۈندە، ياقا-يۇرتلاردا... سەن قەيەردە؟

ئۆزۈڭنىڭ قانداق بولۇپ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى ئويلاپ كۆردىڭمۇ؟ ئۇ چاغلاردا سەن پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگەنىدىڭ، ئۇنى خۇددى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك قوللۇق قىلاتتىڭ. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ شۇئارلىرىنى ئالىي قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدىڭ. سەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر قەدەم باسقىنىڭدا ئۇ ساڭا قاراپ ئون قەدەم ئالاتتى، سەن ئۇنىڭغا مېڭىپ كەلسەڭ، ئۇ ساڭا رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلەتتى... كېيىن سەن يۈز ئۆرۈشكە باشلىدىڭ... يۈزۈڭنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ دۇنياغا ئۆرۈدۇڭ. سەن يۈزۈڭنى ئۆرىگەنچە پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ئۇنى ئەسلىشىڭ، قايتىپ كېلىشىڭ ئۈچۈن پۇرسەتلەرنى بېغىشلىدى. ئەمما سەن چۈشەنمىدىڭ، پەرۋا قىلمىدىڭ... ئۇ خالىسا سېنى خەلقئالەم ئارىسىدا رەسۋا قىلالايدىغان تۇرۇپ، ئەكسىچە گۇناھلىرىڭنى يوشۇرۇپ، سەن بۇنى ئۆزۈڭنىڭ دانالىقى بىلەن بولدى دەپ قاراپ گۇناھلاردىن قولۇڭنى تارتىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ غەرق بولدۇڭ...

ھەر مۇدۇرۇپ كەتكىنىڭدە سېنى ئاگاھلاندۇرسۇن دەپ ساڭا ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز، بىغۇبار قېرىنداشلارنى ئاتا قىلدى؛ ئەمما سەن ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭ، نەسىھەتلىرىگە چىدىمىدىڭ. ئۇلار ساڭا چىن كۆڭلىدىن سۆز قىلسا، سەن ئىچىڭدە غۇدۇراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىڭ ...

قىسقىسى، سەن ساڭا مەرھەمەت قىلىپ بېرىلگەن ھەر بىر پۇرسەتنى بار كۈچۈڭ بىلەن ئىتتىردىڭ...

قېرىندىشىم !

بۈگۈن جاپا-مۇشەققەت كۈنىدۇر؛ مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ دەۋايىغا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش، " مانا مەنمۇ بار" دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈش راستچىل ۋە سەمىمىي كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. قىيىنچىلىق پەيتلىرىدە ئۆز شەخسىيىتىنى

ئويلاپ، مەيدانلارنى تەرك قىلىش ياكى جىسمى تۇرغاندەك قىلسىمۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە غەم-ئەندىشىلىرىنى دۇنيا مەئىشەتلىرى بىلەن زىننەتلەش مۇنافىقلىق سۈپەتلىرىدىندۇر.

شۇنى ئۇنۇتمىغىن: سەن "ئى رەببىم!" دېگىنىڭدە، ئاجىزلىقىڭنى تىلىڭغا ئېلىپ ئۆزۈڭنى سەجدىگە تاشلىغىنىڭدا، گۇناھ كىرلىرىڭنى كۆز ياشلىرىڭ بىلەن يۇيغىنىڭدا، پەرۋەردىگارىڭ سېنى ھەرگىز نېرى تۇر دېمەيدۇ... مۇئمىن قېرىنداشلىرىڭغا يۈزلىنىپ "مەنمۇ بار ئىدىم، بىر مەزگىل غەپلەتكە پاتتىم، ئۆزۈم بىلەنلا قالدىم... ئەمما ھازىر مەسئۇلىيەتلىرىمنى ئادا قىلىشقا تەييارمەن" دېگىنىڭدە، قېرىنداشلىرىڭ ھەم سېنى ئارىغا ئالماي قالمايدۇ...

تېخى ھېچبىر ئىش تۈگەپ قالغىنى يوق؛ ھېچبىر ئىش ئۈچۈن ھەم ۋاق قالغىنىمىز يوق... ئۆزۈمگە ۋە ساڭا ئەسلەتكەن بۇ قۇرلار قەبرىدە ۋە مەھشەر كۈنىدە قايتا ئەسلىتىلىدۇ... ئەمما ئىككىنچى بىر پۇرستى يوق بولۇشتەك بىرلا پەرق بىلەن...!

# يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت!

**يازغۇچى: پەلەستىنلىك ئەدھەم شەرقاۋى**

**1-يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت! سىنىڭدىن ئۆگەندىمكى، بەزى كىشىلەر بىزنى ئەيىبلىرىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ئارتۇقچىلىقلىرىمىز ئۈچۈن يامان كۆرىدىكەن. ئۇلار سىنىڭ كېلىشكەن قامىتىڭ، ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان گۈزەل ئەخلاقىڭ سەۋەبلىك يامان كۆردى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايدىكەن.**

**2-يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت! سىنىڭدىن ئۆگەندىمكى، ھەقىقەتەن يامانلىق گاھىدا بىز ئويلاپ باقمىغان تەرەپتىن كېلىدىكەن. سەن بۆرىدىن ئامان قالغان بولساڭمۇ، قېرىنداشلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن ئامان قالمىدىڭ.**

**3-ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرمەسلىكىم كېرەككەن. چۈنكى بەزىلەرنىڭ كۆزى كىچىك، ئىچى تار بولۇپ، ئۆزىدە بارىدىن بەكرەك، باشقىلاردا بارىغا كۆز تىكىدىكەن.**

**4- گۇناھكارلار گاھىدا ۋەز- نەسىھەت تونىنى كىيىۋالىدىكەن. شەيتان ئادەم ئاتاڭغا: "ئى ئادەم! ساڭا (يىگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەختنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟" دېگەندى. قېرىنداشلىرىڭمۇ ئاتاڭ ياقۇپقا: "ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز" دېدى.**

**5-يامانلىقنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن يېنىك ئىكەن، كىشىلەر ياخشىلىقتا دەرىجىلىرى ئوخشىمىغاندەك، يامانلىقتىمۇ دەرىجىلىرى ئوخشىمايدىكەن. سېنى قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدىكى يامانلىقى ئەڭ ئازراقى "يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار" دەپ قۇتقۇزۇپ قالدى ئەمەسمۇ.**

**6-كىشىلەرنىڭ ماڭا ئاجىز نۇقتامدىن ھۇجۇم قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاجىزلىقىمنى ئاشكارىلىماسلىقىم كېرەككەن. ئاتاڭ: "سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن" دېگەندى، قېرىنداشلىرىڭ ئاتاڭغا: "ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ" دېيىشتى.**

**7-ياخشىلىق ۋە يامانلىق نەرسىلەردە ئەمەسكەن، بەلكى ئۇنى ئىشلىتىش يولىدا ئىكەن. كۆڭلەكىڭ بىردە يالغانچىلىق قۇرالى بولسا، بىردە پاكلىقىڭ دەلىلى بولدى، بىردە بولسا ئاتاڭنىڭ كۆزىگە شىپا بولدى.**

8-ھەقىقەتەن مەدرىسلەر، ئالىي ئوقۇشلار ۋە كىتابلار سەۋەبتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. ھەقىقىي ئۆگەتكۈچى بولسا ئاللاھ ئىكەن! "ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق"، "ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق"، " ئاللاھدىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ"، ئاللاھ تەقۋادارلىقىغا قارىتا ئىلىم ئاتا قىلىدۇ، ئىلىمگە ئېرىشىش ھېچ ۋاقىت ئەقىل مەسىلىسى بولغان ئەمەس، بەلكى قەلب مەسىلىسىدۇر.

9-پەزىلەتلىك كىشىلەر سىناقتا ئۆزگىرىپ قالمايدىكەن، مەرتلەر ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرمايدىكەن، ئېسىل كىشىلەر سۇ ئىچكەن قۇدۇققا تۈكۈرمەيدىكەن. سېنىڭ زۇلەيھا ئالدىدا "خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ(يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى" دېگەنلىكىڭ نېمە دېگەن گۈزەل- ھە!

10-ھەقىقەتەن ئامانەتنى ھەقىقىي ساقلاش خىيانەت قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق، ساقلانغاندىلا ھەقىقىي بولىدىكەن. ھەقىقىي ئىپپەتلىك بولۇش ھەم زىناغا قادىر تۇرۇقلۇق، ساقلانغاندىلا ھەقىقىي بولىدىكەن. سەن قادىر ئىدىڭ، ئەمما ساڭا ئوخشاش كىشىلەر خىيانەت قىلمايدۇ ۋە زىنا قىلمايدۇ.

11-ئەگەر ئاللاھ مەلۇم ئىشنى ئاشكارىلىماقچى بولسا، پۈتۈن ئىنسانلارمۇ ئۇنى يوشۇرۇشقا قادىر ئەمەسكەن. ھەممە كىشى ساڭا گۇۋاھلىق بېرىشتىن قورققاندا، ئاللاھ تائالا بوۋاق بالىنى سېنى ئاقلاش ئۈچۈن سۆزلەتتى.

12-تۈرمىلەردە زۇلۇم قىلىنغانلار كۆپ ئىكەن. كىشىلەر ھەتتا گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنلىكى سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلىنىدىكەن، زۇلۇم قىلىش ئىنسانلاردا قەدىمدىن بار ئىش ئىكەن.

13-ئىمانىڭ ھالاۋىتى تۈرمۈشنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن غالىب كېلىدىكەن. سەن ئىمانىڭ ھالاۋىتى سەۋەبلىك زىندان ئازابى تارتتىڭ. ئەگەر خىيانەت قىلغان بولساڭ - ( ئاللاھ ساقلىسۇن) - زۇلەيھانىڭ قەسىرلىرى كەڭلىكىگە باقماستىن، ساڭا تار بىلىنگەن بولاتتى.

14-ھەر يەردە دەۋەت قىلىشقا يول بارئىكەن. قەسىردە قۇل ئىدىڭ، ئاللاھقا دەۋەت قىلدىڭ. تۈرمىدە مەھبۇس ئىدىڭ، ئاللاھقا دەۋەت قىلدىڭ. دۆلەتتە ۋەزىر بولدۇڭ، ئاللاھقا دەۋەت قىلدىڭ.

15-زېمىندىكى بۇزغۇنچىلىق، مەھسۇلاتلارنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەمەس، ياخشى ئىدارە قىلىنمىغانلىقىدىن بولىدىكەن. سەن مىسىر خەلقىنى ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزغىنىڭدا، ئۇلارغا يېڭىدىن ئاشلىق ئەكەلمىدىڭ، بەلكى كونا ئاشلىقنى ئەقىل- پاراسەت بىلەن ئىدارە قىلغان ئىدىڭ.

16-پىلانلىق، تەدبىرلىك بولۇش كېرەك ئىكەن. كىشىلەر تەدبىر بىلەن پىلانلىق ئىش قىلماي تۇرۇپ ئېھتىياجلىرىغا ئېرىشەلمەيدىكەن. قەھەتچىلىكتە پىلان قىلدىڭ، تەدبىر تۈزدۈڭ. ئۇكاڭنى يېنىڭدا ئېلىپ قېلىشىڭدىمۇ پىلانىڭ، تەدبىرىڭ بار ئىدى.

17-ئاللاھ تائالا كۈرەشلەرگە داۋاملىق كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان قۇراللارنى تاللايدىكەن. ئاللاھ خالىسا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، تۈرمە تاملىرىنى ئۆرۈپ، سېنى چىقىرىۋېلىشقا قادىر ئىدى. ئەمما ئۇ مىسىر پادىشاھىغا يامان چۈش ئەۋەتتى.

18-ئەمەل- مەنسەپلەر نام-شەرەپ ئۈچۈن ئەمەس، ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىكەن. مىسىر خەزىنىسىنى ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، سەرپ قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلغانىدىڭ. ئەگەر سەندىنمۇ لايىق بىرسىنى بىلگەن بولساڭ، تەلەپ قىلمىغان بولاتتىڭ.

19-ھەقىقەتەن مۇھەببەتنىڭ ھىدىنى پەقەتلا ياخشى كۆرگۈچىلەر بىلەلەيدىكەن. شۇڭا ئاتاڭ ياقۇپ كۆڭلىكىڭ كەلمەي تۇرۇپ، پۇرىقىڭنى تونۇۋالغانىدى...

20-پەرزەنتلەر ئارا ئادىل بولۇش كېرەك ئىكەن، بولمىسا ئاتا-ئانىلار بىلمەستىنلا پەرزەنتلەر ئارا قىزغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئاللاھ سېنى باشقا قېرىنداشلىرىڭغا قارىغاندا ئاتاڭغا ياخشى كۆرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق بىزلەرگە قەلبىمىزدىكى ئارتۇقچە ياخشى كۆرۈشنى ئەمەلدە ئىپادىلەپ قويماسلىققا ئاگاھلاندۇردى.

21-قىسسەڭدىن غەم-قايغۇمنى ئاللاھدىن باشقىسىغا شىكايەت قىلماسلىقنى ئۆگەندىم. كىشىلەر ياكى ياخشى كۆرىدىكەن ياكى يامان كۆرىدىكەن. ياخشى كۆرگەنلەر مېنى دەپ كۆڭلى يېرىم بولسا، يامان كۆرگەنلەر دەردىمدىن خۇش بولىدىكەن، ئەمما ھەر ئىككىسى دەردىمدىن ھېچ نەرسىنى يوق قىلالمايدىكەن. ئۇنداقتا نېمىشقا دەردىمنى ھەممە ئىلكىدە بولغان ئاللاھغا ئېيتمايمەن؟!

22-مېھىر-مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن گاھىدا خۇپسەن بولۇۋېلىش، ئالاقىنى ساقلاش ئۈچۈن چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىش ئاقىلانىلىك ئىكەن. ئاكىلىرىڭ سېنى ئوغرىلىق بىلەن ئەيىبلىگەندە، يۈزىگە سالمىغانىدىڭ. ئالىيجاناپلار ئاداۋەتنى ئۇنۇتقاق كېلىدۇ. ئەرەبلەر ئېيتىدۇ: "قەۋمىنىڭ غوجىسى خۇپسەن كىشىدۇر."

23-ئالىيجاناپلار ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق، ئەپۇ قىلىدىكەن.ئەپۇچانلىق ئەخلاق ئىكەن، ئۆزۈر ئېيتقان كىشىنى كەچۈرىۋەتكەنگە كىشىنىڭ ھۆرمىتى چۈشۈپ كەتمەيدىكەن. قېرىنداشلىرىڭ سىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، سەن: "قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامىنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن" دېدىڭ. ئالىيجاناب خىسلەتلەردىن بىرى: "كىشىلەرنىڭ يامانلىقىنى ئۇلارغا تاڭماسلىقتۇر."

# تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلىشىدىغان خۇش بىشارەتلەر

ئاپتۇرى: ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى

**1-ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رۇمنىڭ فەتھى قىلىنىشى:**

ئەبۇ قۇبەيلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئامر ئىبنى ئاسنىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇنىڭدىن رۇم ياكى ئىستانبۇلدىن (كوستانتىنىييە) قايسىسىنىڭ ئاۋۋال فەتھى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سورىدۇق. ئابدۇللاھ هالقىسى بولغان بىر قۇتىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئىچىدىن بىر كىتابنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى: "بىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا يېزىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن رۇم ياكى ئىستانبۇلدىن قايسىسىنىڭ باشتا فەتھى قىلىنىدىغانلىقىنى سورالدى. هېراكلىيۇسنىڭ شەھىرىنىڭ (ئىستانبۇلنىڭ) ئاۋۋال فەتھى قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى." (ئەھمەد، دارىمى، هاكىمى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

شەيخ ناسىر مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىستە كەلگەن "رۇمىييە"، "مۇئجەمۇل بۇلدان"دا هازىرقى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رۇم دېيىلىدۇ. بىرىنچى فەتھى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلەشكەن بولۇپ، بۇ فەتىھ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى خەۋەر بېرىپ 800 يىلدىن كېيىن بولغان. ئىككىنچىسمۇ (يەنى رۇمنىڭ فەتھى قىلىنىشى) ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ، ئۆمۈرى يار بەرگەنلەر بۇنى كۆرىدۇ." (سىلسىلەتۇس سەھىھە: 1/8)

**2-كوستانتىنىييەنىڭ (ئىستانبۇلنىڭ) ئىككىنچى قېتىملىقى فەتھى قىلىنىشى:**

ئەبۇ هۇرەيرەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ:

"رۇملۇقلار ئەئماق (ياكى دابىق) دېگەن يەرگە چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، مەدىنىدىن يەر يۈزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنى چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇ قارشى كېلىپ، سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار:

- بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، بىز ئادىمىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز، - دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار:

**ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز، ـ دەپ تۇرۇۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى شېھىد بولىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېھىد ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىينچىلىققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار قۇستانتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل)نى ئازاد قىلىدۇ، قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، بىر شەيتان چىقىپ:**

**ـ يۇرتۇڭلارنى دەججال بېسىۋالدى، ـ دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ. ئۇلار سەپنى تۈزەپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دۈشمىنى(دەججال) ئۇنى كۆرگىنىدە، خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەنىدەك ئېرىشكە باشلايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چېقىلمىسىمۇ، ئۇ ئېرىپ ھالاك بولۇپ كېتەتتى، ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا نەيزىسىنىڭ ئۇچىدىكى قاننى كۆرسىتىدۇ."**

### ***ھەدىس دالالەت قىلىدىغان بەزى مەزمۇنلار***

**بىرىنچىسى: ھەدىستە ئىشارەت قىلىنغان ئىستانبۇلنىڭ فەتھى قىلىنىشى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلەشكەن بىرىنچى فەتھى ئەمەس... بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى كەلگۈسىدە ئەمەلىيلىشىدىغان ئىككىنچى فەتىھتۇر. چۈنكى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلەشكەن بىرىنچى فەتىھتە، يۇقۇرىدا يۈز بېرىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەندۇر.**

**ئىككىنچىسى: بۇ ھەدىس فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلەشكەن بىرىنچى فەتىھتىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ۋە خارەكتېرىنىڭ قايتىدىن دارۇلھەرب ھۆكۈمى ۋە خارەكتېرىگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ... ئەمەلىيەتتە ئىستانبۇل "ئاتاتۈرك" ناملىق تاغۇت باشچىلىق قىلغان لائىق ئىنقىلاپتىن كېيىن بۇ ھۆكۈم ۋە خارەكتېرگە ئۆزگەرگەن ۋە تۈرك دۆلتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان لائىق، كافىر بىر دۆلەت ھالىتىگە كەلگەن.**

**ئۈچىنچىسى: بۇ ھەدىس ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ بولۇپمۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ھەر قانداق بىر ھۆكۈمرانلىققا ۋە ئۈممەتكە دۈشمەن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ھەر قانداق تاشقى سىياسەتكە ئەگەشمەيدىغانلىقىغا ۋە بويۇن ئەگمەيدىغانلىقىغا دالالەت قىلىۋاتقاندا... ئۇ كۈندە، ئۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ئالدىغا مۇھىم قارارلارنى**

چىقىرىدىغان بولۇپ، مەيلى سىرتتىن بولسۇن ياكى مەيلى باشقا ھەر قانداق بىر يەردىن ھېچكىم ئۇلارغا بىر نەرسىنى مەجبۇرلىيالمايدۇ...

تۆتىنچىسى: ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەدىس يەنە ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شامدىكى قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىشى ۋە ئىستانبۇلنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن قايتىدىن فەتىھ قىلىنىشىنى توسۇپ قالالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ۋە ئاددى ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا!...

بەشىنچىسى: بۇنىڭغا بىنائەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئامېرىكا ۋە غەرب كۈچلىرىنىڭ چوڭ ئىشغالىيەتچىلىكى ۋە ھۆججۈملىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن يوق بولىدىغاندۇر... ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بۇ ئىش يىراق ئەمەس.

ئالتىنچىسى: ئومۇمىي جەھەتتىن بارلىق مۇسۇلمانلار ۋە خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە شام ئەھلىدىن بولغان مۇسۇلمانلار، ۋەھدەتلىرىنى (بىرلىكلىرىنى) ئەقىدە ۋە دىن ئۇلى ئۈستىگە قۇرۇشىدۇ... بۈگۈنكى كۈندىكى ھۆكۈمرانلىقلار ۋە سۈنئىي چېگرالار قەتئىي يوق بولىدۇ... بۇ ئىشلار، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن مەدىنە ئەھلىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ شامدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن ئىچقۇيۇن-تاشقۇيۇن بولىدىغانلىقى ۋە يالغۇز بىر سەپ بولۇپ شېرىك ۋە كۇفرى ئەھلىدىن بولغان رۇملۇقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

يەتتىنچىسى: شام، ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان يەر بولىدۇ... ئۇ يەر فەتىھ ۋە ھۆرلۈكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە كۇفرى مىللەتلىرىگە قارشى چوڭ بىر ئۇرۇش بولىدىغان يەردۇر... بۇنىڭدىن قارىغاندا شام، بۇ دىنىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدە ھەقىقىي ۋە ئىززەتلىك بىر رولنى قايتىدىن ئالىدۇ. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە شام زېمىنىنى ئىستىلا قىلىۋالغان خائىن ۋە يىرگىنچلىك ھاكىمىيەتلەر، پەقەت شام ئاسمىنىدا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرىۋاتقان بىر قارا بۇلۇتتىن ئىبارەت... ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بۇ بۇلۇت چوقۇم تۈگەپ، يوق بولىدۇ.

سەككىزىنچىسى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ "...قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ..." دېگەن سۆزى، يادرو قۇراللىرىنىڭ ئاياغلىشىدىغانلىقىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ قايتىدىن قىلىچلارغا قايتىدىغانلىقىغا ئىشارەتمۇ ياكى قىلىچلاردىن مەقسەت قىلىنغىنى مۇتلەق ھالدا قۇرالمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىسىنى بىلىدۇ...

يۇقىرىدىكىلەر بۇ ھەدىس ئىشارەت قىلغان بەزى ئالامەت ۋە گۈزەل خۇش بىشارەتلەردىن ئىبارەت.

### 3- يەھۇدىلار بىلەن جەڭ قىلىنىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى يېڭىشى:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

"مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. لېكىن تاش بىلەن دەرەخ: "ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ قۇلى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن!" دەيدۇ. پەقەت غەرقە دېگەن دەرەخلا ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر."

**4- ھىندىستان ئۇرۇشى:**

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:" ئۈممىتىمدىن ئىككى جامائەتنى ئاللاھ ئوتتىن قوغدايدۇ! ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلغان جامائەت ۋە ئىسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان جامائەت."( ئەھمەد، نەسەئى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.)

**5-راشىد خىلافەتنىڭ پەيغەمبەر مەنھەجى بويىچە يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىشى:**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلىك سىلەردە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە قالىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆتۈرۈۋېتىشنى خالىسا كۆتۈرىۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىككە ئوخشايدىغان بىر خىلاپەت بولىدۇ، ئۇمۇ ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ، كۆتۈرۈۋېتىشنى خالىغاندا كۆتۈرىۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن چىشلىگەك پادىشاھلار بولىدۇ ۋە بۇمۇ ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆتۈرىۋېتىشنى خالىسا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن زالىم بىر ھۆكۈمدارلىق بولىدۇ بۇمۇ ئاللاھ خالىغان مۇدەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن يوق قىلماقچى بولسا يوق قىلىدۇ. كېيىن پەيغەمبەر مەنھەجى بويىچە بىر خىلاپەت بولىدۇ." (ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

"چىشلىگەك پادىشاھلار" دەۋرى ئۆتتۈپ كەتتى. بۇ ئابباسىيلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئوسمانىيلارنىڭ دەۋرىدۇر. بۈگۈنكى كۈنىمىز بولسا "زالىم ھۆكۈمرانلىق" باسقۇچىدىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بۇمۇ يوق بولىدۇ... ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر مەنھەجى بويىچە قۇرۇلغان راشىد خىلاپەت دەۋرى كېلىدۇ، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بۇ يىراق ئەمەس.

**6- ئىسلامنىڭ دۇنيادىكى ھەممە ئۆيگە كىرىشى:**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى ئاللاھ ماڭا زېمىننى قاتلاپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ شەرقىنى ۋە غەربىنى كۆردۇم. ئۈممىتىمنىڭ مۈلكى ماڭا قاتلاپ كۆرسىتىلگەن يەرلەرگىچە يېتىدۇ." (مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: "بۇ دىن كېچە ۋە كۈندۈز يەتكەن ھەر يەرگىچە يېتىدۇ. ئەزىز بولغانىنىڭ ئىززىتى بىلەن ۋە خار بولغانىنىڭ خارلىقى بىلەن بۇ دىن كىرمەيدىغان مۇقىم ياكى كۆچمەن ھېچقانداق ئۆي قالمايدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن ۋە ئەزىز قىلىدۇ ۋە كۇفرىنى خار قىلىدۇ."( ئىبنى ھىببان سەھىھدە رىۋايەت قىلغان)

بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق بىر يېيىلىش ۋە كېڭىيىش بولۇپ باقمىغان... بۇ ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: "مەن جەۋامىئۇل كەلىم (ۋەجىز سۆزلەر) بىلەن ئەۋەتىلدىم، قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم قىلىندىم. مەن ئۇخلاۋاتقاندا ماڭا زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى كەلتۈرۈلۈپ ئىككى قولۇمغا قويۇلدى." ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاراڭلاردىن كەتتى، سىلەر بولساڭلار خەزىنىلەرنى توپلاۋاتىسىلەر."( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھى)

7- ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى:

كرىست پاچاقلىنىدۇ، جىزىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام ۋە تەۋھىد مىللەتتىن باشقا پۈتكۈل مىللەتلەرنى ئاللاھۇ تائالا ھالاك قىلىدۇ... ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: "مەن بىلەن ئۇنىڭ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئارىسىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوقتۇر. ئۇ شەك - شۈبھىسىز چۈشىدۇ، ئۇنى كۆرگەن چېغىڭلاردا تونۇۋېلىڭلاركى، ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، رەڭگى ئاق قىزىل كېلىدۇ. ئۈستىگە سارغۇچ رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىدۇ. بېشى ھۆل بولمىسىمۇ، خۇددى سۇ تامچىلاۋاتقاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئىسلام ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، كرىستتىنى سۇندۇرىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلارنى يوق قىلىپ، دەججالنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇ يەر يۈزىدە تولۇق 40 يىل ياشاپ، ئاندىن ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

# ئەڭ گۈزەل قىسسىدىن ئىبرەتلەر

يۇسۇف سۈرىسى ئەڭ گۈزەل قىسسە دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئۇ چۈش بىلەن باشلىنىپ، چۈشنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىشى بىلەن ئاياغلاشقان بىردىنبىر سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزگە ئۈمىد رىشتىسىنى ئۈزىۋەتمەسلىكتىن تەلىم بەرگەن.

ئەزىزنىڭ خوتۇنى:" ئەمدى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى" دېدى. ھەقىقەت ئۇخلاپ قالىدۇ، گاھىدا ئۇزۇن ئۇخلاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۆلمەيدۇ.

"يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى [يۇسۇفنى ئۆلتۈرۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ] دېيىشتى". ئۇلار مۇھەببەتنىڭ جەسەتلەر بىلەن كېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلمىگەنىدى.

"ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: [يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر] دېيىشتى". ئۇلار يۇسۇفنىڭ مال –دۇنياسىغا ھەسەت قىلىشمىغانىدى. چۈنكى كۆڭۈل بېرىش دۇنيانى بېرىشتىنمۇ قىممەتلىكتۇر!

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكى قىسسىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. بىرىدە قايغۇغا سەۋەب بولسا، بىرىدە پاكلىقىغا دەلىل بولدى، بىرىدە بولسا خۇشاللىقتىن بىشارەت بولدى.
بۈگۈنى سېنى ئازابلىغان نەرسە، ئەتىسى ساڭا شاتلىق بېغىشلىشى مۇمكىن.

"ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى". نىشان بىر بولغان بىلەن نىيەتلەر ئوخشاش ئەمەستۇر!

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: "بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز." دېيىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىر خەزىنىدارى بولغاندا يەنە ئۇنىڭغا: "ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز" دېيىلدى. ساپ گۆھەر ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ.

"پادىشاھ ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ: ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر؛ يۇسۇفتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى". ئۆتمۇشۇڭ ياردەمچىڭدۇر، شۇڭا ئۇنى ئۇبدان قوغدا!

ئىپپەت ئاياللارغىلا خاس ئەمەستۇر، بەلكى ئەرلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئىپپەت سىنىقى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا مەريەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن بولۇپ،

يۇسۇف: "خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى" دېگەنىدى.

يۇسۇف: "ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر"
ھەتتا تىلىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن زىنىا دەپمۇ ئاتىمىدى.

"ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ :«يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ سۆزى راست، يۇسۇفنىڭ سۆزى يالغان» دېدى".

ئەگەر بەندە رەببىدىن قورقسا، رەببى بەندىسىنىڭ ھەممە غەملىرىدىن خالاس قىلىپ، قېيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ھەتتا دۈشمىنىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىپ، دەۋاسىغا ياردەم قىلىدۇ.

"يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى.»"
يۈلتۇزلار يۇسۇفكە سەجدە قىلغان تۇرسا، بۆرە قانداقمۇ ئۇنى يەۋەتسۇن؟ ئاللاھ بەرگەن بىشارەتلەرگە ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ئىشەنچ قىلغىن!

"ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغىنىدا: «ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى، ئۇكىمىزنى (يەنى بۇنيامىننى) بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز،»دېدى". ئۇلارنىڭ مەنپەئەتكە توغرا كەلگەچ " ئۇكىمىزنى" دېدى. ئاخىرلاشقاندا بولسا: "سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى"دېدى.
ھەقىقەتەن كۆپىنچە كىشىلەر پايدا- مەنپەئەتكە قاراپ خىتاپ قىلىدۇ.

"يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئىسىت يۇسۇف!» دېدى". بەزى كىشىلەرنىڭ ئورنىنى ھېچكىم ئالالمايدۇ، چۈنكى ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

"سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار" يۇسۇف يالداما سۆيۈپتىدە باشقا نەرسىنى ئەمەس، كۆڭلىكنى تاللىدى، شۇ ئارقىلىق قايغۇغا سەۋەب بولغان نەرسە بىلەن خۇشاللىق بەخش ئەتتى.

"يۇسۇف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزىنى ئىچىدە بىلدى." گاھىدا يېقىنلىرىڭىدىن قەلبىڭنى جاراھەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىساڭ، بىلمەس بولىۋال ياكى ئاڭلىماسقا سال. رەت قايتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمە، خۇپپىيانە بولىۋېلىشتا كاتتا ياخشىلىقلار بار.

"ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار." ياقۇپ ئەلەيھىسسالام نەچچە يىل ئاۋۋال يوتۇپ

كەتكەن باللىرىنى ئىزدەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ساڭا ئەقلىي ئېھتىماللىقتىن سۆز ئاچسا، ئۇلارغا ئاللاھقا ئىشىنىشتىن سۆز ئاچقىن!

"پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى." يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تۆرمىنى تىلغا ئالدىيۇ، قۇدۇقنى تىلغا ئالمىدى، چۈنكى ئۇ ئاكىلىرىنى خىجىل قىلىشنى خالىمىدى. ئېسىل كىشىلەر ئىنتىقامدىن كېچەلەيدۇ، گۇناھلاردىن ئۆتەلەيدۇ.

"يۇسۇف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى." پاك كىشىلەرنىڭ سۆزى ۋەزىنلىك، ئىشەنچلىك بولۇپ، قەسەم قىلىش، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ھاجىتى يوق.

"مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم." مەن مىسىرنىڭ ئەزىزى دېمەستىن، ھېچبىر سۇپەت قوشماي ئىسمىنىلا ئېيتىپ ئۆتتى. ئالىيجاناپ كىشىلەر مەنسەپ ۋە دەرىجىلەرگە نەزەر سالمايدۇ.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: "سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، دېدى." ئۇلار بۆرە دېگەن سۆزنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى يالغان ئېيتقانلىرىدا ئىشلەتتى. شۇڭا تەربىيە قىلغاندا ، يۈرىكىڭگە قادىلىدىغان ئەجەللىك ئوق تۇغرىسىدا سۆزلەپ بەرمە.

# قارغا قاراپ

قار ياغماقتا،
ئۈستىمىزگە قارا ياغقاندا،
ئاقلىماقچىدەك شېرىن زەھەردىن،
پاكلىماقچىدەك سوغۇق نەزەردىن،
باسقىنىدا ئەتراپنى سۈكۈت،
قىلىنغانلار ھەم ئېتىلگەنلەر،
پىشانىگە دوق بوپ تەككەندە.

زەپ كىچىككەن بۇ يىلقى قار،
سەۋەبى بۇمىكىن؟
نالەلەرنى تۇيىدىمىكىن؟
خۇددى مەنسۇپ مەنلا ساڭا دەپ،
مەۋھۇم يۈلەنچۈكلەرنى كۈمدىمىكىن؟
"ۋەلا"لاردا بىزلەر ئېزىلغاچ،
"بەرا"لارنى ئەسلەرگە سېلىپ.

ئىچ-ئىچىمگە ئۆتتى بۇ سوغۇق،
ھازىرغۇ قىش،
ئىيۇلدىمۇ ئۈششىگەن قەلب،
ئوخشىماسكەن ئەمما ئانىجان!
مۇساپىرغا،
مۇھتاجغا،
ئوت بار يەردە قەلبدە ئۈششۈش...
2017-01-06

# ناماز ۋاقتى كەلگەندە

بۈنى ھېچكىمگە ئېيتالمىدىم...

ئى پەرۋەردىگارىم، سەن بىلەن شۈنچىلىك كۆپ "سودىلاشتىمكى"، سەن نامازغا چاقىرغىنىڭدا ئۆزۈمگە ئايرىغان ۋاقتىلاردىن ئېلىۋېلىپ بارغاندەك تۇيۇلدى. ئەزان ئېيتىلغاندا ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدىم.

ھەر ناماز ۋاقتى كىرگىنىدە كۆڭلۈم "جىغغىدە" قىلىپ قالىدۇ؛ قىلىۋاتقان ئىشىمنى قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن، باشتىكى كەيپىياتىم ئاللىقاياقلارغا غايىب بولىدۇ؛ نامازغا ئەنە شۇنداق تۇرىمەن.

ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىمەن، "بىردەمدىن كېيىن ئوقۇساممۇ بولىدۇ!" دەيمەن؛ "بىردەم" لىرىم "كۆپ دەم" لەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ ۋاق قالىمەن-يۇ، ۋاق قالغىنىمدىن خىجالەت بولمايمەن.
ئاخىرى بولالمىغاندا پۈتلىرىمنى سۆرىگىنىمچە سېنىڭ ھوزۇرىڭغا بارىمەن. "ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەي دەپ قاپتۇغۇ" دېگەننى باھانە قىلىپ سەن بىلەن يەنە "سودىلاشماقچى" بولىمەن. ناماز قازا بولۇپ كېتەي دەپ قېلىۋاتاتتى ئەمەسمۇ؛ نامازنى تېز-تېز ئوقۇيمەن، سالام بېرىۋېتىپلا قوپۇپ كېتىمەن-دە، ئۇھ! دەپ راھەتلىنىپ قالىمەن.

ئەمەلىيەتتە راھەتتە مەن ساڭا قەرزدارمەن ئى پەرۋەردىگارىم. شۇ تاپتا ئاغرىمىغان ھەر بىر چىشلىرىمغىچە ھوزۇردا ساڭا قەرزدارمەن.

تومۇرلىرىمنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرىدە ئۆيۈپ قالمىغان قېنىمچىلىك سۈكۈناتتا ساڭا قەرزدارمەن.
ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاغرىمىغان ھەر بىر ئۆگىسىگىچە ئارامخۇدالىقتا ساڭا قەرزدارمەن ئى رەببىم.
قېنىم قېتىشىپ، تومۇرلىرىم توسۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، ھەر قېتىمدا ئىزتىراپ چەككەن ۋە ئەندىشىگە چۆمگەن پەيتلىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ.

بەدىنىمنىڭ ھەر بىر يېرى گويا پارچىلىنىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ ئاغرىغۇدەك بولسا ئۆز-ئۆزۈمگە تار كېلىدىغان ئازاپلىق كۈنلەر سېنىڭ.

سەن مەندىن تەلەپ قىلغان ۋاقىتنى ئۆزۈمچە كۆپ دەپ قارىدىم؛ مەندىن تەلەپ قىلغىنىڭنى، توغرىسى مېنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن تەلەپ قىلغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ھوزۇرۇڭدا ھوزۇرسىز بىر ھالەتتە تۇردۇم .

نامازلارنىڭ رەكئەتلىرىنى ئەجەپ كۆپ دەپ قارىدىم؛ قىسقارتىش ئۈچۈن ھەمىشە باھانىلەرنى ئىزدىدىم .
بىر كۈنۈمنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىشىڭنى، ئىشلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئۈزۈكچىلىكلەرنى كىرگۈزۈشىڭنى، تۇرمۇشۇمنىڭ ئارىسىغا بېكەتلەرنى ئورنىتىشىڭنى، ئۇيقۇمنى بۆلۈشىڭنى ئۆزۈمچە ئارتۇقچە ھېسابلىدىم.

"مېنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەر!" دېگەن ئۈنسىز ئىسيانلار بىلەن ھوزۇرۇڭدا تۇردۇم؛ كۆڭلۈم ئاللىقانداق بىر كۈيلەرنى غىڭشىۋاتقاندا، مەن پەقەت جىسمىم بىلەنلا جەينامازدا گويا مىخلانغاندەك تۇردۇم.

ھالبۇكى سەن ئەگەر خالىساڭ ئىدىڭ، ھاياتنى ماڭا تار قىلالايتتىڭ! مېنى بىر ھاڭنىڭ تۈۋىگە غۇلاپ كەتكەن بىر ماشىنىدا چارىسىزلارچە ئۆزۈڭگە يالۋۇرىۋاتقان ھالەتتە قالدۇرالايتتىڭ!

قورقۇنچلۇق بىر ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوت ۋە قان پۈركەپ تۇرغان بومبىلارنىڭ ئاستىدا كۈنلىرىمنىمۇ، ئىشىمنىمۇ، ئۇيقۇمنىمۇ ھەتتا چۈشلىرىمنىمۇ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىشنى تەقدىر قىلغان بولساڭ قىلالايتتىڭ...

ماڭا چۈشمىگەن بومبىلار قەدەر، ھاڭغا غۇلاپ كەتمىگەن ماشىنىلار قەدەر كەڭرىچىلىكتە ساڭا قەرزدارمەن ئى پەرۋەردىگارىم.

ساڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىرىمدا كۆزۈم بىلەن بىللە كۆڭلۈمنىڭمۇ ھازىر بولۇشىنى كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ ھېسابلىدىم. ئۆزۈمنى فورماتلاشقا، شەخسىيىتىمنى ھېچنېمە دەرىجىسىگە چۈشۈرۈشكە كۆڭۈلسىمىدىم.

گەدىنىمدە تەقدىرنىڭ ئىسسىققىنا نەپەسلىرىنى ھېس قىلىدىغان ئۇ تەسلىمىيەتنىڭ ۋادىسىغا چۆكەلمىدىم. ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى؛ پىشانەمنى قانداق قويغان بولسام جەينامازدىن شۇنداق كۆتۈردۈم.

پۈتكۈل ئۆزلۈكۈم بىلەن يەرگە يۈكۈنەلمىدىم. ئىشىم بار ئىدى؛ قىسقا-قىسقا قىلغان سەجدەم سايىسىدە ئىشىم ئۈچۈن ۋاقتىتىن ئۇتتۇۋالدىم. سەجدىگە قەلبىمنىمۇ سىغدۇرۇش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ كەتمىدىم. ئۇيقۇم كېلىپ تۇرغاندا، سەجدىگە تېپىزلا چۈشۈپ، بىراز مۈگىدىۋالغانمۇ بولدۇم.

بەدىنىم ئېگىلىۋاتقاندا سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا "ساڭا بۇيرۇلغىنىدەك توپتوغرا يولدا بولۇش"نىڭ ۋەزنىنى يەلكەمگە ئېلىشنى ھەمىشە كېچىكتۈرۈپ كەلدىم. چۈنكى "پەيتى ئەمەس!"ئىدى؛ "توختاپ تۇر، كېيىنچە بولسىمۇ بولىدۇ" ئىدى. ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىنى بىر كېچىدىلا قېرىتىۋەتكەن بۇيرۇقنى ئۈستۈمگە ئالالمىدىم...

سەن ئەگەر خالساڭ ئىدىڭ بالامنىڭ كۆچسىز سوققۇۋاتقان تومۇرىغا ھەمراھ بولۇپ، خىرە ۋە مۇدھىش كۆزنىتىش ئۆيىدە كۆزۈمنىمۇ، كۆڭلۈمنىمۇ ئۇمىدسىزلەرچە، چارىسىزلارچە، ئەندىكىش ۋە قورقۇش ئىچىدە تامدىكى ئېكرانغا مىخلاپ قويغاندەك قارىتىپ قويالايتتىڭ.

سەن ئۆزۈڭ بىلسەن پەرۋەردىگارىم سەن بىلەن قىلغان "سودىلىرىمنى." بۇلار ئۆزۈمگە يوشۇرۇپ قويغان ھەتتا ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتقان سىر؛ بۇ تىلىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ ھېيىققان، ئېغىزىمغا ئېلىشتىن خىجالەت بولىدىغان ئەنە شۇنداق بىر سىر.

قارىمامسەن، پىچىرلاشلارمۇ ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟.... سۈرە فاتىھەلەر ئۈزىراپ كەتسە، ئۈزۈن سۈرىلەر تۈگىمەي كەتسە، ھەر بىر ھەججىلىرى خۇددى ئەركىنلىككە بارىدىغان يولنى بەئەينى قورام تاشلار توسۇۋېلىپ بارغاندەك تۇيۇلغانچە "ئەجەپ تۈگىمەستە قالدى بۇ ناماز!" دېگەن ۋاقتىم كۆپ بولمىدىمۇ؟

ئەمما بۇنى ئىچىمدە دېدىم؛ باشقىلار تۇيمىدى. بىر سەن ئاڭلىدىڭ ئى رەببىم، سىرىمنى بىر سەن بىلدىڭ... جەينامازدا ئۆزۈمنى بىسەرەمجان ھېس قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، لەۋلىرىم مەنىسىنى ئاڭقىرىشقا ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان كەلىمىلەرنى پىچىرلاۋاتقان پەيتلەردە سەن مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئارتۇقى بىلەن ئاڭلىدىڭ؛ ئېيتالمىغانلىرىمنىمۇ، تىلغا ئالالمىغانلىرىمنىمۇ بىلدىڭ؛ نامازدا تۇرۇپ روھىمنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتكىنىمگە قارىماي، پەقەتلا جىسمىمنى قالدۇرۇپ قويغىنىمغا قارىماي ھوزۇرىڭدىن مېنى قوغلىمىدىڭ، ئۆزۈڭگە يېقىن تۇتتۇڭ...

قارشى چىقتىم، گىجىڭلىك قىلدىم، "سودىلاشتىم"؛ ئەمما سەن مېنى خىجالەتچىلىكتە قويمىدىڭ؛ يەنە قانچە قېتىملاپ، قانچە قېتىملاپ مېنى ئۆز ھوزۇرۇڭغا ئالدىڭ... ھەر سەجدىدە رەھمىتىڭ بىلەن بېشىمنى سىلىدىڭ... ھەر رۇكۇلىرىمدا قەلبىمگە "ئاپىرىن" لارنى پىچىرلىدىڭ؛ ھەر ناماز ۋاقتىدا روھىمنى يېڭى بىر سەھىپىنىڭ پاكلىقىغا چاقىردىڭ.

يۈزۈمگە سالمىدىڭ؛ ئازارلىمىدىڭ... تۆۋەن كۆرمىدىڭ. مېنى بولدى قىلىۋەتمىدىڭ، خىجالەت قىلمىدىڭ...

سەن بىلەن سودىلاشقانلىقىمنى بىر ئۆزۈڭ بىلدىڭ ئەي پەرۋەردىگارىم!

بىراۋلارغا بىلدۈرمىدىڭ، سەن يىگانە سىرداشىمسەن؛ پەقەت بىر ساڭىلا يۈرىكىمنى ئاچالايمەن... يەنە باشقا كىمگىمۇ ئاچالايتتىم مەن-ھە؟! يەنە باشقا كىملەرنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىشنى كۈتەي؟..

# دوستلۇق ئەسلىمىسى

ھەر كىمنىڭ ئۆتمۈشىگە يارىشا دوستلۇق ئەسلىملىرى بار. مېنىڭ ھېچ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئەسلىمەم ھەققىي مەندىكى دوستلۇقنىڭ ۋە قېرىنداشلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەنگەن شۇنداقلا ئەمەلىي ياشىغان، ئەڭ مۇھىمى ھىدايىتىمنىڭ مەنبەسى بولمىش ئالىي مەكتەپكە تۇتاشقان.

قىزىقىشلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى ماسلىشىدىغان، شەخسىيەتسىز دوستلۇق ئەسلىملىرى يۈرەكلەرنى ياشارتىدۇ، بولۇپمۇ ھىدايەت يوللىرىدا ئۇچرىشىپ، ھىدايەت مەنزىللىرىگە تەڭ ئىلگىرىلىگەن، ئىلاھى مەرھەمەت رىشتىلىرى بىلەنلا بىر-بىرىگە باغلانغان دوستلۇقلار ۋە ئەسلىملىرى مىسلىسىز شېرىندۇر.

بەندىلىرىنىڭ ھىدايىتىنى خالايدىغان مېھرىبان ئىگەم ماڭا بۇ خاسىيەتلىك دوستلۇقنى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ شېرىن لەززىتىنى نەچچە يىلغىچە تا ئۇ ھىدايەتلىك دوستلىرىمغا قىيالماي خوشلىشىپ چەتئەلگە ئالدىراپ چىققۇچە قانغىچە سۈرۈپتىمەن...

قېرىنداش باللار بىلەن مەكتەپ ھاياتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ۋە ئالىي بولغان غايىلىرىمنىڭ داۋامىغا يېتىش ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىشنى ئاقلانە پىكىر دەپ ئويلايتتىم. ھالبۇكى بۇ يەرنىڭ رېئاللىقى كۆپچىلىك غايىداشلىرىمنىڭكىگە ئوخشاشلا ئۆزۈمنىڭ بۇيان تەسەۋۋۇرۇمدا قاناتلىنىپ كەلگەن ھاياتلىققا ھېچ ئوخشىمايتتى...

ئانا يۇرت، ئاتا-ئانا، دوست-دۈشمەنلەر ۋە سۆيگەن-سۆيۈلمىگەنلەرنى تاشلاپ چىقىش بەدىلىگە ئارزۇ قىلغانلىرىمغا يېتىشنىڭ ئورنىغا مېنى چەتئەلنىڭ تەييارلىقسىز ھەر كىشىنى يالماپ يۇتۇپ كېتىشكە ئارانلا تۇرىدىغان رەھىمسىز تۇرمۇش قايىنىمى بىلەن بىللە بىزنىڭ كېلەچىكنى مۆلچەرلەش قېيىن بولغان، خىرەلىشىپ كەتكەن رېئاللىقىمىز كۈتىۋالغانىدى...

ياشىيالىغانلار ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ھاياتى تولىمۇ شېرىن؛ بولۇپمۇ ھىدايەت نېئمىتىگە ئېرىشىش ۋە بۇ يولدا يۈكسىلىشنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان مەكتەپ ھاياتىنىڭ تېخىمۇ ئوخشىشى يوق... بۇ مىسلىسىز ھاياتنى بارلىق گۈزەل ئەسلىملىرى بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشكە ماڭا ئوخشاش بىر قەلەم يوقسۇلى ئاجىز كېلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا كۇفرىنىڭ مەركىزى بولغان فىرئەۋنىنىڭ سارىيىدا ھىدايەتنىڭ مەشئىلى مۇسانىڭ يېتىشىپ چىققىنىغا ئوخشاش، جاھىلىيەتنىڭ ئەڭ بازارلىق سورۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئالىي مەكتەپلەردە ھىدايەت تېپىپ، جېنى ۋە مېلىنى ياراتقۇچىسىنىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان، ئارزۇ-ئارمانلىرى يولىدا دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا

چېچىلىپ كەتكەن مەردۇ-مەردانە قىز-ئوغلانلارنىڭ ئەگرى-توقاي ئەمما شېرىن؛ ئىزىنى بېسىپ چىققۇچىلارغا ماياك بولىدىغان ئىبرەتلىك ھايات ھېكايىسىنى ھەققىنى بېرىپ تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش يولىدا بەلكىم نەچچىلىگەن رومانلار پۈتۈلەر.

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئۇ چاغلارنى ھەر ئويلىسام قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، ئىختىيارسىز يىغا تۇتماقچى بولىدۇ؛ شۇ پەيتلەردىكى ئاھلىرىم بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىكى ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز بىغۇبار قېرىنداشلىرىمغا، ئىككىنچىلەپ قايتا تېپىتالمايۋاتقان ئىمان لەززىتىگە ۋە ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمدى قايتا ئېرىشەلمەيدىغان پۇرسەتلەرگە بولغان قىيالماسلىق، سېغىنىش ۋە ئېنتىلىشنىڭ، يەنە ئۇ چاغلاردىكى ئالدىراڭغۇلۇق ئارىلاشقان ئاللىقانداق خاتالىق، گۇناھ ۋە چەك تۇتۇلماي سەل قارالغان ئىمكانىيەتلەرگە بولغان خۇرسىنىش ۋە پۇشايمانلارنىڭ ئاھىدۇ...

كېيىنكى ھاياتىمدا ئۇنداق بىر دوستلۇقنى گەرچە ئوخشاش ئەقىدە، ئوخشاش زېمىن ۋە ئوخشاش قىسمەتتىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن تونۇشقان بولساممۇ نېمىشقىكىن قايتا ئورنىتىشتا قېيىنالدىم... قانداقلا قىلسام ھىدايەت يوللىرىدا تەڭ ئىلگىرىلىگەن بىغۇبار قېرىنداشلىقتا ئوخشمايتتى... توغرىسى ئوخشىتالمايۋاتاتتىم... ئەتراپىمدا شۇنچىلىك كۆپ دەبدەبىلىك دەۋا ساھىبلىرى ۋە غايىداشلىرىم بولغان بولسىمۇ، قەلبىمنى قانچە ئېچىپ بېرىشىمدىن قەتئىينەزەر گۈزەل خۇلقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن قەلبىمنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ كەتكەن ئاشۇ قېرىنداشلىرىمغا ئۆزلەشكەندەك ئۆزلىشەلمەي بىگانە بولدۇم...

بۇ مۇبارەك رامىزان كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىغا يەتكەن ۋە غايىسى يولىدا ھېلىھەم توختاۋسىز تىرىشۋاتقان، جىسمى بىلەن مەندىن تولىمۇ ئۇزاقلارغا كەتكەن ئاشۇ شىر يۈرەك دوستلىرىمغا، پىداكار قىز-ئوغلانلارغا چىن قەلبىمدىن سېغىنىپ سالاملار بولسۇن...

## تۈگىدى